

# MIRAS

# 美拉斯

# ميراس

MIRAS HERITAGE OF UYGHUR FOLK CULTURE

6

2010

مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال

مەملىكەتلىك مەركىزىي ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال


شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

ISSN 1004-3829

12>

9 771004 382027

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com



تارىخ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى غالىپ بارات ئەرك (1968 - )

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال  2010 - يىل 6 - سان

(ئومۇمىي 122 - سان)

## ئادەت قېرىماس

كىلىياك مەشرىپى ........ توخسۇن ھۇسسىين ئەلقۇت (1)

ئىلىدىكى «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى ........ تۇرغۇن ئىبراھىم (20)

ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ ئۈزۈك تاقاش ئادىتى - - - گۈلزىبا روزاخۇن (58)

## مەنىۋىيەت يۇلتۇزى

پېشقەدەم مائارىپچى، خەلق قىزىقچىسى ھېيتەم مەنسۇر ..............

.............. ئەكرەم ئابدۇمجىت (6)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

شېۋىتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا ئائىت فوتو سۈرەتلەر

.............. ساھىبە ياقۇپجان (9)

مانىرھېيمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى ..............

.............. ئىرشادىي تەرجىمىسى (35)

كۈن چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ... تەييارلىغۇچى: م. مۇھەممەد (71)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىيات ھەققىدە ........ غالىب خوجىئابدۇللا (16)

ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتچىلىق ........ ئابدۇقەييۇم مجىت (28)



باش مۇھەررىر:
**ۋاھىتجان غوپۇر**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**
**ئەزىزە تۇيغۇن**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**خۇرسەنئاي مەمتىمىن**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

تاق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە قومۇل شىۋىسى ......... ئۆمەر تالىپ (50)
ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئۆچمەس نامايەندە ـــ كېمىر ئۆي ...........
......................................................... خالىدە نەمتۇل (66)

## يىلتىزىمىز

بىز تەقەززا بولۇۋاتقان تارىخ ـــ نەسەبنامە ... غالىب مۇھەممەد قارلۇق (24)

## تائاملىرىمىز

ئەنئەنىۋى ئېسىل تائام چۆچۈرە ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ...................
................................... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (61)

مىراس ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ بارلىق
ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىگە يېڭى يىللىق سالام يوللايدۇ!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەرىيەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدىكى رەسىمنى پەرھات ئىبراھىم سىزغان

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin

## 保护文化遗产
## 捍卫精神家园

总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编缉：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再·吐依贡
本期责人编缉：
胡尔仙阿依·买买提明


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# كىلياڭ مەشرىپى

توخسۇن ھۇسسىين ئەلقۇت



كلياڭ ــــ گۇما ناهيەسىدىكى بىر يېزا بولۇپ، ئەمگەكچان ۋە ئەقىل-پاراسەتلىك كلياڭ خەلقى نەچچە ئەسىرلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز يېرىنىڭ يېپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەيلى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە بولمىسۇن ۋە مەيلى قول ھۇنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدا بولمىسۇن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەن. كلياڭدا ئەينى ۋاقىتتا ياشىغان قاسىمى، ھاپىز ئاخۇنۇم قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرى ۋە كلياڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۇتام (كۆكتام)نى پاناھگاھ قىلغان ھەزرىتى ھۈسەيىنخان تەجەللى ھەزرىتىمگىچە بولغان مەرىپەت ئاشنالىرى بۇ دىيارنىڭ ئەزەلدىن ئىلىم ۋە ئالىملارنى قەدىرلەيدىغان مەدەنىيەت ئوچىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

كىلىيانىڭ مانا شۇنداق مەدەنىيەت ئوچىقى بولۇشتەك ئەۋزەل شارائىتى ئىللىق كىلىيا قوينىدا يەنە سايىت موللا داپ قاتارلىق بىر تۈركۈم خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنى يېتىشتۈرگەن ھەم كىلىيا مەشرىپىدىن ئىبارەت بۇ بىباھا مەدەنىيەت بايلىقىنى ئۆزىنىڭ شۇ ئىللىق قوينىدا ئاپىرىدە قىلغان.

كىلىيا مەشرىپى — خوتەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سايىت موللا داپتىن ھازىرقى ھايات پېشۋا بارات ھەمدۇللاغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغاندىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ تاغ ناخشىلىرىغا خاس شوخ ۋە جۇشقۇنلۇقى، مەشرەپ ئارا ئوينىلىدىغان ئويۇن تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزگە يوشۇرغان ۋائىزلىق سەنئىتى تۈرلىرىنىڭ ھازىر جاۋابلىقى ھەم يۇمۇرىستىكلىقى، ئەڭ مۇھىمى ئويۇن ۋە ئېيتىشلىرىدىكى سۆز بىلەن ھەرىكەت بىرلەشتۈرۈلگەن ھەجۋىيلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى قاتارلىق بىر نەچچە خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا مەشرەپلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. سايىت موللا داپ، ھىزباقى خوجا تەمبۇر قاتارلىق 1-ئەۋلاد مەشرەپچىلەردىن باشقا زوردۇن ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن غىياس قاتارلىق 2-ئەۋلاد ئىزباسارلار كىلىيا مەشرىپىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ، قۇربان ئاخۇن چوڭ، ھەمدۇللا خوجا، توختى ئاخۇن غىياس، توختى كىچىك، مەتۇىلى ئاخۇنلار ۋەكىللىكىدىكى 3-ئەۋلاد مەشرەپچىلەرگە؛ ئۇلار بارات ھەمدۇللا، ئابدۇكېرىم سامسا، ئوسمان مىراۋت، مەتسېيىت سېيىت، مەمتىز مەيدۇن، ئابلىمىت ھەمدۇللا ۋەكىللىكىدىكى 4-ئەۋلاد مەشرەپچىلەرگە مىراس قالدۇرغان. نۆۋەتتە بۇ 4-ئەۋلاد مەشرەپچىلەر كىلىيا مەشرىپىنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش نامى بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىدا، مەشرەپنىڭ ياشلارنى تەربىيەلەش، ئەدەپ-ئەخلاق ئوچىقى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

**1. كىلىيا مەشرىپىنىڭ قەدىمىيلىك تۈسى**

كىلىيانىڭ ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەنۇبىي چېگراسى ھازىرقى كەشمىرنىڭ لاداخ دېگەن يېرىگە، غەربىي قىسمى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگىچە تۇتىشاتتى①. يىپەك يولى بۇ جاي ئارقىلىق ھىندىستانغا تۇتاشتۇرۇلغان بولغاچقا، تارىختا غەربىي يۇرت بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغان②. كىلىيا تارىخىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇزۇنلۇقى، يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغانلىقىدەك رېئاللىق، شۇنداقلا كىلىيا مەشرىپىنىڭ نەغمە بىلەن نەغمە ئارىسىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلاردىن قارچىغا ئويۇنى (كىلىيادا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ئۇۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ)، چەكمەن توقۇش ئويۇنى (بۇ يۇرتنىڭ ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ)، دارغا چىقىش ئويۇنى قاتارلىق مىللىي يىلتىزى قويۇق بولغان ئويۇن تۈرلىرى، كىلىيانىڭ قەدىمدىن بېرى بەزمە مەشرەپ ئوچىقى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**2. كىلىيا مەشرىپىنىڭ ئورۇندىلىش شەكلى**

كىلىيا مەشرىپى — ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئېيتىشىش، ۋائىزلىق، ھەجۋىي ئويۇن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەمبۇر ۋە داپنى ئاساسىي ساز قىلىدۇ، سورۇننىڭ كۆلىمى ۋە شارائىتىغا قاراپ باشقا سازلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىدۇ، كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك، شارائىتى تۆۋەنرەك بولغان سورۇنلاردا پەقەت بىر تەمبۇر ۋە داپ بولسىلا مەشرەپ ئۆيۈشتۇرغىلى بولىدۇ.

كىلىيا مەشرىپى — ئەلمىساقتىن مېھماننىڭ ھۆرمىتىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مېھمان چاقىرغۇچى ئەڭ دەسلەپ مېھماننىڭ شەرىپىگە مەشرەپ ئۆيۈشتۇرۇپ بېرىدۇ، مەشرەپ تاماملىنىپ مېھمان ئۇزاش ئالدىدا ساھىبخانىنىڭ يۇرتتىكى ئاغىنە-بۇرادەرلىرى تولۇق چاقىرىلىپ، يىغىلغان ئەھلى جامائەتكە پاۋان ئېشى (ئۇۋ غەنىيمەتلىرى ئاساسىي خۇرۇچ قىلىنغان بىر خىل تاماق شەكلى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاماق قويۇلىدۇ، پاۋان ئېشى يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، داستىخاننىڭ ئوتتۇرىغا چاي، يەل-يېمىشتىن تەركىب تاپقان مەشرەپ چېيى قويۇلىدۇ. سورۇندىكى خالىغان ئادەم مەشرەپ چېينى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، مەشرەپ چېينى بىرىنچى بولۇپ قولىغا ئالغۇچى كېلەر قېتىملىق مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بولىدۇ. بۇ يەردە

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، مەشرەپ چېيىنى تالىشىش جېڭى ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، مەشرەپ چېيىغا ئېرىشكۈچىگە نىسبەتەن چاققانلىق، سەزگۈرلۈك، بىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن مەشرەپ چېيىنى تالىشىش جېڭى مەشرەپ چېيىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ-دە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىغا دەخلى يېتىدۇ.

كىلىياڭ مەشرىپىمۇ خۇددى باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاشلا مۇقەددىمىدىن باشلىنىدۇ. مۇقەددىمە مۇزىكا ئۇستىسى تەرىپىدىن تەمبۇرگە تەڭكەش قىلىپ، يېقىملىق ۋە يېنىك، خۇددى تاغ سۈيىنىڭ دولقۇن ئۇرۇشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دولقۇنسىمان ئاۋازدا مۇقەددىمە قىسمىنى باشلايدۇ، باشقا سازەندە، ناخشىچىلار ۋە سورۇن ئەھلى جىمجىت ئولتۇرۇپ مۇقامنى ئاڭلايدۇ.

مۇقام ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، داپەندە ۋە باشقا سازچى، ناخشىچىلار ناخشىغا جور بولىدۇ. ئىككى ئادەم بىر جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، بىر پەدە ئويناپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، پۈتۈن مەشرەپتە ئۇسسۇل مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

بىر پەدە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نەغمىچىلەرنىڭ دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قىزىقچىدىن بىرەرسى مەيدانغا چۈشىدۇ-دە، ھەجۋىي ئېيتىشىش ياكى ھەجۋىي ئويۇندىن بىرنى باشلايدۇ.

بىز بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە «جان ئاكام بىلەن خېنىكامنىڭ ئېيتىشىشى» دەپ ئاتالغان ھەجۋىي ئېيتىشىشنى كۆرۈپ باقايلى:

بىر ئەر مەيدانغا چۈشۈپ ئەرەنچە ئاۋاز بىلەن:
قېنى خېنىكام قېنى باشىڭىز،
قېنى قېنى باشىڭىز، قېنى،
قېنى قېنى باشىڭىز قېنى؟
ئاندىن ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ ئاياللچە ئاۋازدا:
مانا جان ئاكام مانا باشىمەي،
مانا مانا باشىمەي مانا.
يەنە تەرتىپ بويىچە ئاۋازىنى ئەرەنچە ئاۋازدا چىقىرىپ:
مەن ئەپ بەرگەن دوپپىلارنى،
كەيمەي كەپسىز خېنىكام قېنى؟
ئاياللچە ئاۋازدا:
سىز ئەپ بەرگەن دوپپىلىرىڭىز،
شاپاق چىقتى جان ئاكام، ئۆزىمىزدە باركەن،
كەيگەچ كەلدۇق مانا،
مانا مانا باشىمەي مانا.
ئەرچە ئاۋازدا:
ئۆزىڭىز شاپاقكەن، ئۆزىڭىز كىيەلمەس،
ئەپ بەرمىسەم بوپتىكەن ئېست،
زايە كەتكەن پۇللىرىم ئېست.
ئاياللچە ئاۋازدا:
ئېست باشىمەي، ئېست باشىمەي،
شاپاق كەيگەن باشىمەي ئېست،
شاپاق كەيگەن باشىمەي ئېست.
ئەرچە ئاۋازدا:
خاپا بولماڭ، كۆپ يىغلىماڭ،
ئەپ بېرىمەن خېنىكام يەنە،
ئەپ بېرىمەن خېنىكام يەنە.
................

ھەجۋىي ئويۇن، ئېيتىشىشلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئويۇن تۈرلىرى ۋە ئېيتىشىشلار ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك قامچىلىنىپ، كەڭ مەشرەپ ئەھلى ئۇنىسىز تەلىم-تەربىيەگە ئىگە قىلىنىدۇ.

ئېيتىشىش ياكى ھەجۋىي ئويۇن تۈگىگىچە بولغان ئارىلىقتا سازچىلار سازلىرىنى تەڭشەپ، داپەندىلەر داپلىرىنى قىزىتىپ تەق بولۇپ تۇرۇشىدۇ، سەھنە بىكار بولۇشى ھامان نەغمە باشلىنىپ كېتىدۇ، شۇنداق قىلىپ پۈتۈن مەشرەپ ناھايىتى قىزغىن ۋە تەرتىپلىك رەۋىشتە داۋاملىشىدۇ...

### 3. كىلىياڭ مەشرىپىنىڭ كۈي شەكلى ۋە ئۇسسۇل شەكلى

كىلىياڭ مەشرىپىنىڭ كۈي شەكلىمۇ باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاش مۇقەددىمىدىن باشلىنىدۇ، مۇقەددىمە قىسمىنىڭ كۈي شەكلى ناھايىتى ئاستا بولۇپ، داستان قىسمىدا ئازراق، مەشرەپ قىسمىدا يەنە ئازراق تېزلىشىپ، تەلقە قىسمىدا ئەڭ تېز ھالەتكە كېلىدۇ. مۇقەددىمە تۈگىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھامان سورۇندىكى ئۇسسۇل بېشى ھېسابلانغان ئىككى ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن بىر-بىرىگە بېقىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئىنتايىن نەپىس، مەردانە، سالماق بولۇپ، پۇت، قول، بەدەن ھەرىكىتىدە تاغلىقلارغا خاس چەبدەسلىك ۋە غەيۇرلۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئۇسسۇل ھەرىكىتى مەشرەپنىڭ سەنەم قىسمىدىن باشلىنىپ، داپنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تەدرىجىي تېزلىشىدۇ. كىلياڭ مەشرىپىنىڭ ئۇسسۇلى مەيدانىنى ئايلىنىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسسۇل شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇسسۇل باشلىنىشى ھامان ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنىڭ بىر-بىرىگە سالام تەرىقىسىدە ئوڭ مۈرىسىنى سول مۈرىسىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئېگىشى بىلەن باشلىنىپ، ئوڭغا ئىككى، سولغا ئىككى، يەنە ئوڭغا بىر ئايلانغاندىن كېيىن ئىككى ئۇسسۇلچى تەڭلا كەينىگە يېنىپ بايىقى ھەرىكەتنى يەنە بىر تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئۇسسۇل رەسمىي تەرتىپكە چۈشىدۇ. داپنىڭ بەلگە بېرىشى بىلەن سەنەم ئاخىرلىشىپ داستان باشلىنىدۇ، ئۇسسۇل شەكلىمۇ سەنەم قىسمىغا ئوخشاشلا ئۇسسۇلچىنىڭ سالام تەرىقىسىدىكى ئوڭ مۈرىسىنى سول مۈرىسىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئېگىپ، ئوڭغا ئىككى، ئاندىن سول مۈرىسىنى ئوڭ مۈرىسىگە قارىغاندا بەكرەك ئېگىپ سولغا ئىككى، ئاندىن سول مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ مۈرىسىنى ئېگىپ، يەنە ئوڭغا بىر ئايلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ، لېكىن ئۇسسۇل سۈرئىتى سەنەمنىڭ ئۇسسۇل سۈرئىتىدىن كۆرۈنەرلىك تېزلىشىدۇ. داپنىڭ قاتتىق بىر چېكىلىشى بىلەن داستان ئاخىرلىشىپ مەشرەپ باشلىنىدۇ. مەشرەپنىڭ كۈي ۋە ئۇسسۇل سۈرئىتى داستاندىن تېز؛ ئۇسسۇل شەكلى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئوڭغا ئىككى، سولغا ئىككى، ئوڭغا بىر ئايلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ، ئۇسسۇلنىڭ داستاندىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى كەينىگە يېنىش ھەرىكىتى بولمايدۇ، سەلقىنىڭ كۈي شەكلى مەشرەپكە قارىغاندا تېخىمۇ تېز، ئۇسسۇل تېزلىكىمۇ كۆرۈنەرلىك تېز بولىدۇ، ئۇسسۇلنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى مەشرەپ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

### 4. كىلياڭ مەشرىپىنىڭ تېكىست قۇرۇلمىسى

كىلياڭ مەشرىپىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىيات ۋە يۇغۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈن مەشرەپ گەۋدىسىدىن قارىغاندا يازما ئەدەبىياتنىڭ سالمىقى ئاز، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سالمىقى بىر قەدەر كۆپرەك، يەنى مۇقەددىمە ۋە بىر قىسىم ئېيتىشىشلار مەسىلەن، «مېۋىلەرنىڭ نەزمە بايانى»، «بېگىمگە ئېيتىلىدىغان دەرد نەزمىسى»دىن باشقا قىسىملىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق قوشاقلىرى، بېيىتلاردىن تەركىب تاپقان. كىلياڭ مەشرىپىنىڭ تېكىستلىرىنىڭ زور بىر قىسمى مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئاساس قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر قىسمى كەڭ مەشرەپ ئەھلىنى ساختىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈككە قارشى تۇرۇپ، سەممىيلىك، ياخشىلىق، ئېزگۈلۈككە ئۈندەش؛ ئەينى زامان قاراڭغۇ زۇلمەتنى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئامەنى يورۇقلۇققا، ئىلىمگە دالالەت قىلىش، ئۆز بەختى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان تەربىيە، پەند-نەسىھەت؛ فېئوداللىق، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى تەرغىپ قىلىنغان بېيىت-قوشاقلاردىن تەركىب تاپقان.

### 5. كىلياڭ مەشرىپىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكى

1) مەشرەپ باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق ئەتراپلىق ئىشلىنىدۇ. ساھىبخان ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈشتىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن مەشرەپكە چاقىرىدىغان مېھمان ئەھۋالى، تاماق تۈرى، مېۋە-چېۋە، ئۆي تازىلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئەستايىدىل ئويلىشىپ تەييارلىق قىلىدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ يېڭى كىيىملىرىنى، يېڭى بولمىغاندىمۇ پاكىز كىيىشىپ، چاچ-ساقاللىرىنى پاكىز ياسىتىپ، ساھىبخانىنىڭ ھۆرمىتىگە قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

قىز-چوكانلار ئوسما قويۇپ، كىرپىكىگە تاش سۈرمە، تىرنىقىغا خېنە يېقىپ، يارىشىملىق پەرداز قىلىشىدۇ، ئەر-ئايال بېشىغا دوپپا، پۇتىغا ئۆتۈك قاتارلىق ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەشرەپ بولغان سورۇنغا جۇشقۇن ۋە روھلۇق قىياپەت بىلەن كىرىپ كېلىشىدۇ.

مەشرەپ سورۇنىدا ھەركىم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇندا ئولتۇرۇشىدۇ، كىلياڭنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ھەر

بىر كـىلىاگىلىق ئـايىۋان دەپ ئـاتىلىدىغان، تۆت سۈپىلىق
يوغان بىر ئېغىز ئۆي ياسايدىغان بـولۇپ، ئـىشكتىن كـ-
رىشتىكى ئۇدۇل ئۆي ئـىشكىنىڭ ئىككى تەرىپى ئايىۋاننىڭ
تۆرى ھېسابلىنىپ مويسىپىتلار، ئـىلىم ئـەھلىلىرى تـەرتىپ
بويىچە تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردىن ئـورۇن ئـېلە-
شىدۇ. ئەر- ئاياللار ئايرىم سۇپىلارغا جايلىشىدۇ، ئـايىۋان
يـاساشقا قـۇربى يـەتمەيدىغانلار يـازدا ھـويلىسىنى، قـىشتا
ئۆزى ئەڭ چوڭ ھېسابلىغان بىر ئـېغىز ئـۆيىنى مـەشرەپ
ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاجرىتىدۇ.

2) مەشرەپ باشلىنىش بىلەن ساھىبخان بـۇ قـېتىمقى
مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈ-
ۋەتكەندىن كېيىن تەيىنلەنگەن غوجىدارنىڭ ئۆزىنىڭ ئور-
نىدا مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.
ئاندىن غوجىدار ئـوتتۇرىغا چۈشۈپ، مـېھمان (ھۆرمەتكە
ئەڭ چوڭى)غا يۈزلىنىپ، ئـېگىلىپ سـالام بـېرىۋەتكەندىن
كېيىن، مەشرەپنى باشلاش توغرىسىدا ئىجازەت سورايدۇ.
ئەگەر مېھماننىڭ باشقا تەلەپ- پـىكرى بـولمىسا ئـىجازەت
بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غوجىدار يەنە بىر تەزىم بىلەن مـېھ-
مانغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سازەندىلەرگە يۈز-
لىنىپ مەشرەپنى باشلاش تەكلىپى بېرىدۇ، سازەندىلەرنىڭ
بېشى بولمىش تەمبۇرچىنىڭ تەمبۇر تارىغا ناخول ئۇرۇشى
بىلەن مەشرەپ رەسمىي يوسۇندا باشلىنىدۇ.

3) مەشرەپتە ناخشا- ئۇسسۇل، ھـەجۋىي ئـېيتىشىش،
ئـەنئەنىۋى ئـويۇنلارغا تـەڭ ئـېتىبار بـېرىلىپ، نـاخشا-
ئۇسسۇل بىلەن «ئـەيسا- مۇسا»، «قـەشقەردىن كـەلگەن
بايۋەچچە»، «دارغـا چـىقىـش»، «چـەكمەن تـوقۇش»،
«گۈزايەك تاز»، «ئوسما قـويۇش» (ھـەجۋىي ھـەرىكەت-
لىك ئۇسسۇل)، «جەرەن ئويۇنى»، «جان ئـاكام بـىلەن
خـېنىكامنىڭ ئـېيتىششى»، « بـۇۋى بـوۋىكام»، «بـۇرگە
سويۇش»،... قاتارلىق ھەجۋىي ۋە كۈلدۈرگىلەرنى ئـۆز-
ئـارا بـىرلەشتۈرۈش ئـارقىلىق مـەشرەپ ئـەھلىنىڭ كۆپ
قىرلىق ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىلىدۇ.

4) مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل ھەرىكىتىمۇ كىل-
ياگىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلدا قـە-
دىمىيلىك ۋە مـىللىيلىكتىن بـاشقا يـەنە تـاغلىقلارغا خـاس
مەغرۇر، قەيسىرانە خاراكتېر ئـۆز ئـىپادىسىنى تـاپقان؛ بـۇ
ئۇسسۇل شـەكلىنى دوراش ئـارقىلىق شـەكلىنى چـىقىرىش
تەس بولۇش، ھەرىكەت بىرلىك تەلپىنىڭ يۇقىرى بـولۇ-
شى قاتارلىق تـۆرلۈك ئـالاھىدىلىكلەر كـىلياگىنىڭ يـەرلىك
ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى باشقا يۇرتلارنىڭ ئۇسسۇل ھـەرىكە-
تى ۋە ئـومۇملاشقان ئـۇسسۇل ھـەرىكىتىدىن روشـەن
پەرققە ئىگە قىلغان.

5) كىلياڭ مەشرىپىنىڭ مەشرەپ قائىدىسى نـاھايىتى
چىڭ بولۇپ، مەشرەپ سورۇنىدا ئـۆزئارا كـۇسۇرلىشىش
قاتارلىق ناتوغرا ھەرىكەتلەر كۆرۈلگەن ھـامان «قـارچىغا
تـاشلاش»، «كـوزىغا كـىرىش»، «تـامغا سۈرىتىنى
تـارتىش»، «كـەپتەر ئـۇچۇرۇش»... قـاتارلىق ئـويۇنلار
ئارقىلىق، مەشرەپ تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. «قـار-
چىغا تاشلاش»نى مىسالغا ئالساق: قارچىغىچى دەپ ئـاتە-
لىدىغان پاششاپ، غوجىدارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كـېيىن
تەلپەكنى شوينا (يىپنىڭ تومراق بـىر خـىلى) بـىلەن بـاغلاپ
يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇۋالغان ھالەتتە تـەلپەكنى ئـىنتىزام-
سىزلىق قىلغانلارغا قـارىتىپ ئـاتىدۇ. غـوجىدار: قـارچىغا
نېمە دەيدۇ؟ دەپ سورىسا قارچىغىچى: ئۇنىڭ ئىشتىھاسى
بـەك يـاخشىكەن، مـېنىمۇ يـەۋەتكىدەك، شۇڭـا قـېچىپ
كەلدىم دەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەشرەپ ئەھلى قار-
چىغىنىڭ بۇ سۆزى ئـارقىلىق ئـىنتىزامسىزلىق قـىلغۇچىنىڭ
مەشرەپ سورۇنىدا بىر نەرسە يەپ ئولتۇرغانلىقىنى پـەرەز
قىلىشىدۇ. مـانا مـۇشۇنداق ئـۇسۇل- قـائىدىلەر ئـارقىلىق
مەشرەپ تەرتىپى ۋە ئىنتىزامى ئىزچىل قاتتىق ساقلىنىدۇ،
بۇ ئارقىلىق مەشرەپنىڭ ياشلارغا ئـەدەپ- قـائىدە ئـۆگـە-
تىشتىن ئىبارەت ئەدەپ- ئەخلاق مەكتىپلىك رولـى ھـەقـ-
قىي جارى قىلدۇرۇلىدۇ...

ئىزاھلار:

① ئادىل مۇھەممەد «قـەدىمىي خوتەن»، شىنجاڭ خـەلق
نەشرىياتى، 2009- يىل نەشرى.

②، ③ «گۇما تـارىخ مـاتېرىياللىرى» (2- تـوپلام) قـەشقەر
ئۇيغۇر نەشرىياتى باسمىسى (ئىچكى ماتېرىيال)، تـۇرسۇنمۇھەممەد
ھۈسىيىننىڭ «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى كىلياڭ بـازىرى» نـاملىق
ماقالىسى.

پايدىلانغان ماتېرىيال:

«شىنجاڭ سەنئىتى» 2008- يىللىق 6- سان، ئايشەم ئەخمەت
ھاجى قـاملى، زاكـىر روزىلارنـىڭ «قـومۇل خـەلق مـەشرەپلىرى
توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە كىلياڭ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پېشقەدەم مائارىپچى، خەلق قىزىقچىسى ھېيتەم مەنسۇر

ئەكرەم ئابدۇمجىت



ھېيتەم مەنسۇر 1932 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ تۆۋەنكى يەنجىم يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مەھەللىدىكى دوستلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا قاپىيەلىك ۋە قىزىقارلىق گەپ - سۆزلىرى، يۇمۇرىستىك ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. 1943 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە تۆۋەنكى يەنجىم، دادامتۇ، غۇلجا شەھەرلىك 2 - تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1955 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىگە قەدەم باسقان. شۇنىڭدىن باشلاپ 1986 - يىلىغىچە بولغان 31 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا يەنجىم يېزىسى، ئۈچچۈن خۇيزۇ يېزىسى، چۆلۈقاي يېزىسى قاتارلىق جايلاردا بىر تەرەپتىن بالا تەربىيەلەشتىن ئىبارەت مۇقەددەس كەسپىنىڭ ئىگىسى بولۇپ سانسىزلىغان ئەۋلادلارغا ئىلىم شەربەتلىرىنى ئىچكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئازغىنە مائاشىغىلا قاراپ ئولتۇرماي موزدۇزلۇق، سىرچىلىق، ياغاچچىلىق، قەلەيچىلىك، ئويمىچىلىق، نەققاشچىلىق، خەتتاتلىق، رەسىمچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەر سەنئىتى ۋە يۇمۇرىستىك، قاپىيەلىك گەپ - سۆزلىرى بىلەن 11 جاندىن تەشكىللەنگەن چوڭ بىر ئائىلىنىڭ ھاياتلىق قازىنىنى قاينىتىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بېسىملىرىنى يېنىكلىتىپ ماڭغان. 1986 - يىلى ئوقۇتقۇچىلىقتىن دەم ئېلىشقا چىققان ھېيتەم مەنسۇر ھازىرغىچە بولغان 22 يىل جەريانىدا بىر دانە رەسىم تارتىش ئاپپاراتى ۋە كېرەكلىك نەرسىلىرى سېلىنغان ئەپچىلگىنە سومكىسىنى بويىنىغا ئېسىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئەلە - مەھەللىلەرنى كېزىپ بىر تەرەپتىن تامغا ئويۇپ، نەقىش ئىشلەپ، سۈرەت تارتىپ، كونا، بۇزۇلغان سۈرەتلەرنى قايتىدىن يېڭىلاپ چوڭايتسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاپىيەلىك گەپ - سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ھالدا كۈلدۈرۈپ يېشى سەكسەنگە تاقاپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا جۇشقۇن روھى بىلەن خۇشال - خورام ياشاپ كەلمەكتە. ئۇنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىلا: «ھېيتەم ئاكىنىڭ قىلمايدىغان ئىشى يوق، تاپمايدىغان گېپى»، دېگىنىمۇ دەل ئۇنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتى بىلەن ئېغىز سەنئىتىدىكى ئارتۇقچىلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى يەكۈنى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن مەن بۇ ئۇستازىمىزنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شۆھرەت بىلەن بېرىپ قالغان مەزگىلدە ئۇنىڭ بىر پارچە كونا كىگىزنىڭ ئۆچۈپ كەتكەن گۈللىرى ئۈستىدىن يىپ - يىڭنە بىلەن قايتىدىن چىرايلىق گۈل چىقىرىپ شىرداق شەكلىدە تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەم شۇ چاغدا مەن ھېيتەمكامدىن: «بۇنداق تىكىپ نېمە قىلىسىز؟» دەپ سورىغان ئىدىم. شۇ چاغدا ئۇ: «بۇ كىگىزنى مۇشۇنداق تىكىۋەتسەم يەنە 20 يىلدىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن ھەم ئارقىدىنلا ئۆزى ئىجاد قىلغان «ئېرىنچەكلىك يوق يەردە، قىيىنچىلىق يوق» دېگەن ماقالىنىمۇ قوشۇپ قويغان ئىدى. شۇ چاغدىلا مەن بۇ سەنئەتكارنىڭ تىل سەنئىتى بىلەن قول سەنئىتىگە ھەيران قالغان ئىدىم. مانا ئارىلىقتىن 20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ يەنىلا شۇ خىل ئىش - ھەرىكەت، شۇ خىل مىجەز - خاراكتېر ۋە شۇ خىل روھىي ھالەت بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن خېلىلا كىچىكلەرگە قارىغاندىمۇ جۇشقۇن ۋە روھلۇق ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى مەندە يەنە بىر قېتىم قايىللىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلدى.

— مەندە، — دەپ سۆز باشلىدى ھېيتەمكام — كىچىكىمدىن باشلاپلا بىر خىل يۇمۇرلۇق كەيپىيات ۋە قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرگە ئىنتىلىش بار ئىدى. لاي، قەغەز ۋە ياغاچتىن ھەرخىل مودېللارنى ياساپ ئوينايتتىم. ھەتتا بەزىدە مەھەللىمىزدىكى باخشىلارنى دوراپ مەندىن خېلىلا چوڭ بالىلارنىمۇ قورقۇتۇۋېتەتتىم. مەن ئەسلىي ئويما رەسساملىقا، كېيىنچە سىزما رەسساملىق، فوتو - سۈرەتچىلىك كەسپلىرىگىمۇ ئىشتىياق باغلاپ ئۇلارنىمۇ ئۆگەندىم. 1982 - يىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر فوتو ئاخباراتچىلىرىنى تەر-

بىيەلەش كۇرسىغا قاتناشتىم. 1990 ـ يىلى گەرچە شۇ چاغدا يېشىم 60تىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ ئىلى ئوبلاستلىق ئائىلە ئېلېكتىر سايـ مانلىرىنى رېمونت قىلىش كەسپى بويىچە تەربىيەلەشكىمۇ قاتناشتىم. مېنىڭچە ئىنسان بالىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقانداق ئادەم كۆپ خىل ھۈنەرلىك بولۇشى كېرەك. كونىلارنىڭ «ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېگىنى بىكار ئەمەس.

كىچىك ۋاقتىلىرىمدا ئوقۇيتتۇم ساۋاقداشلىرىمدىن قالماي،
ئۆيگە ھەرگىز قايتمايتتىم بەشلىك نومۇرنى ئالماي.
دوستلارنى كۈلدۈرەتتىم دۇتار، تەمبۇرمۇ ئالماي،
قېرىغاندىمۇ يۈرۈۋاتىمەن شۇ مىجەزدىن قالماي.

* * *

تاغ بار يەردە تۈلكە بار،
بېنەم قۇرسا، يەيدىغان ئۆچكە بار.
ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مۈلكى بار،
ھېيتەم بار يەردە كۈلكە بار.

شۇنداق، ھېيتەم مەنسۇر ئاددىي ۋە قىزىقارلىق گەپ ـ سۆز ـ لىرى ئارقىلىق كىشلەر ئارىسىدا كۈلكە پەيدا قىلىپ ئۆزىنىمۇ ۋە ئۆزگىنىمۇ روھىي جەھەتتىن شادلىققا چۆمدۈرۈپ كېلىۋاتقان تىل ئۇستىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نەق مەيداندا توقۇغان بىر قىسىم ھەجۋىي قوشاقلىرى جەمئىيىتىمىزدىكى ناچار ئىللەتلەرنى دەل جا ـ يىدا ئېچىپ بېرىشتە ئۆزىگە خاس رول ئىگە. 1984 ـ يىلى نا ـ ھىيەمىز بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىسلامىيۇزدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى يىغىلىشىدا ئۇ توقۇغان «ساختا موزدۇز» ھەققىدىكى ھەجۋىي قوشاقنىڭ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ياخشى باھاغا ئېرىشكەنلىكى، شۇ چاغدا «ئىلى گېزىتى»دە «خەلق قىزىقچىسى ھېيتەم مەنسۇر» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالىنىڭمۇ ئېلان قىلىنغانلىقى يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ بىر دەلىلى، ئەلۋەتتە.

— 1984 ـ يىلى، — دەپ سۆز باشلىدى ھېيتەم ئاكا يەنە بىر قى ـ زىقارلىق قوشاقنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئەسلەپ، — مەن يېزىمىزنىڭ دوختۇرخانىسىدا بىر ھەپتە يېتىپ قالدىم. بۇ چاغدا مەھەللىمىزنىڭ بىر ئىمامى بولىدىغان، ئۇمۇ مەن ياتقان ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ئىدى. بىر كۈنى مەھەللە جامائىتى ئىككىمىزنى يوقلاپ كىردى ھەم ئىمامىمىزدىن نېمە سەۋەبتىن ئاغرىپ قالغانلىقىنى سورىدى. مەن شۇ چاغدا دەرھاللا مۇنداق بىر قوشاقنى توقۇدۇم:

مەھەللە ئىمامىنىڭ ئاغرىپتۇ بېشى،
كۆزدىن ئېقىپ بۇرنىغا چۈشۈپتۇ يېشى.
ئىمامنى ئاغرىتقان باشقا نەرسە ئەمەس،
تويىنىڭ ئىس پۇراپ قالغان ئېشى.
شۇڭا يوقلاپ كېلىۋاتىدۇ قوۋم ـ قېرىندىشى،
ئاغرىمىسا يوقلايدىغان كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى.

مەن بۇ قوشاقنى توقۇغاندا مەھەللە جامائىتى بىلەن قوشۇ ـ لۇپ ئاغرىق ياتقان ئىماممۇ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

دېمەك، ھېيتەم مەنسۇر ھەرقانداق جايدا ئەنە شۇنداق ئۆ ـ زىگە خاس تىل تالانتى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ روھىي ئوزۇق ئاتا قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ياشاش مىزانى قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ قىزىقارلىق گەپ ـ سۆزلىرى ئاساسەن ئاددىي ۋە چۈ ـ شىنىشلىك بولغان قاپىيەلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولۇپ، بىرلا ئاڭلىغان ئادەم مەزمۇننى تولۇق ھېس قىلالايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بەزىلىرى قىسقا بوغۇم ۋە ئىككىلىك (مەسنە ـ ۋى) شەكلىدە تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ماقال ـ تەمسىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك. تۆۋەندە ئۇنىڭ قاپىيەلىك گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىر قانچە ـ نى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

### ئىككى موزدۇزغا چاقچاق

1964 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە كىرا ماشىنىسى ساقلاپ تۇرغان ھېيتەم مەنسۇر بېكەت ئالدىدىكى ئىككى موزدۇزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ماختىشىپ قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ ھەم شۇ مەيداندىلا ئۇلارغا قارىتىپ بۇ قوشاقنى توقۇيدۇ:

مەن ياماق يامايمەن،
غۇلجا بويىچە مەن دېگەن،
موزدۇزلاردىن قالمايمەن.
ئىشىم ئەلگە يارىمىسا پۇلىنىمۇ ئالمايمەن.
شۇنداق ئەپلەيمەن،
كونا يالغىنى بىر ـ بىرىگە سەپلەيمەن.
پاشنىسى بولمىسا،
كارتون قەغەزنى كەپلەيمەن.
شۇنداق ئىشلەپ خېرىدارنى جىقلايمەن.
تىكىشكە ۋاقىت يەتمىسە،
ئون تال مىختا مىخلايمەن.
ئاق يىپنى قارا مومدا موملايمەن،
ئىگىسى قاراپ تۇرسا سىلىق تىكىپ،
كەتسىلا كەينىدىن كوملايمەن.
ھەيران قېلىشار پىقىرنىڭ پەمگە،
مەن قاقمىغان قەغەزمۇ قالمىدى،
مىخۋاي بىلەن توپلەينىڭ چەمگە.
شۇڭا مەن
مەن مەن دېگەن موزدۇزدىن قالمايمەن،

www.uyghurkitap.com



بىر بارغان يەرگە ئىككىنچى بارمايمەن.

**گۈل قاچا سېتىش قوشىقى**

ھەر بازار كۈنى قاچا سېتىشقا چىققان ھېيتەم مەنسۇر خېرىدارلارغا مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ بېرىدۇ:

گۈل قاچا، چىنە قاچا،
ئالمامدىكەن ئاكا ۋە ئاچا.
قولىڭىزدىن چۈشۈپ كەتسە بولىدۇ بەش پاچا.
پىقىر چاقچاق قىلىپ كۆڭۈل ئاچا.

**ھاسا قوشىقى**

ھاسىلىرىغا تايانغىنىچە كېتىۋاتقان بىر توپ مويسىپىتلارنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالغان ھېيتەم مەنسۇر ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ مۇنداق قوشاق توقۇيدۇ.

ھاسا، ھاسا،
مەدەت بولىدىكەن قولغا ئالسا.
ئىتمۇ قورقىدىكەن باشقا ساسا.
ئىتقا بوزەك بولىدىكەن ئۆيدە قالسا.
شۇڭا موماي ـ بوۋايلار تويغا باسا،
ئېلىۋالىدىكەن قولغا ھاسا.

**سۇغا چىققان ئاياللارغا چاقچاق**

ھېيتەم مەنسۇر چۇلۇقايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر كۈنى ئۆزى ياسىۋالغان ئەپكەشكە ئىككى چېلەكنى ئېسىپ سۇغا چىقىپتۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا چۇلۇقايدا سۇنى ئاساسەن ئاياللار توشۇيدىغان ئادەت بار بولغاچقا، ئاياللار ھېيتەم مەنسۇرنىڭ سۇ توشۇغىلى چىققانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ھېيتەم مەنسۇر مۇنداق قوشاقنى توقۇپتۇ:

چېلەك ئېلىپ قولۇمغا،
ئەپكەش سېلىپ دولامغا.
ئاپىرىۋالاي سۈيۈمنى،
گۈل تىرىغان ھويلامغا.
ياردەملىشىپ ھەدەڭلارغا،
ئۆگىتىۋالغان قولۇمغا.
ئېلىۋالدىم سۈيۈمنى،
كېتىۋالاي يولۇمغا.

**رەسىمگە تارتىش قوشىقى**

ھېيتەم مەنسۇر رەسىم تارتقىلى چىققاندا كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ توۋلاپتۇ:

مەن رەسىمگە خويمۇ ئوبدان تارتىمەن،
قوغۇنلۇقتىكى سويىمدەك خام تارتىمەن.
بىر، ئىككى، ئۈچ دەپ ساناپ تارتىمەن،
ئاغزى پۇچۇق، بۇرنى پاناق تارتىمەن.

**ئۇنىۋېرسال كەسىپ قوشىقى**

ـــ نېمە ئىش قىلىسىز؟ ـــ دەپ سورىغانلارغا ھېيتەم مەنسۇر مۇنداق قوشاق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

تامغا ئويىمەن،
ئەينەك قويىمەن.
رەسىم تارتىمەن،
گۈل ـ قاچا ساتىمەن.
مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى،
توشمىغان خۇمداندا خىش قالمىدى.
ياش سەكسەندىن ئاشتى،
شۇ ئېغىزدا چىش قالمىدى.

**ئەپيۇ سوراش قوشىقى**

ئۆزىدىن بىر ئاز كىچىكلەرگە چاقچاق قىلىپ قويغان چاغلىرىدا ھېيتەم مەنسۇر تۆۋەندىكى قوشاق بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالىدۇ.

چۇلۇقايدا بوغداي بولىدۇ، ئارپا بولمايدۇ.
ئاكىسى چاقچاق قىلسا، ئىنىسى خاپا بولمايدۇ.
قاسساپتىن گۆش ئالسىز، بېغىر ئالمايسىز،
بۈگۈن چاقچاق قىلسام ئېغىر ئالمايسىز.

**سىزما گۈل رەسىملىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن قوشاق**

ھېيتەم مەنسۇر ئۆزى سىزغان گۈل رەسىملىرىنىڭ چۆرىلىرىگە تۆۋەندىكىدەك قوشاقلارنى يېزىپ قوياتتى.

گۈل سىزدىم گۈللەر ئارا گۈلدىن جۇخار،
تەر تۆكۈپ قىلساڭ ئەمگەك بولمايسەن خار.
گۈل سىزدىم گۈللەر ئارا ھەشقىپىچەك،
ئىلمى بارلارنى تونۇيدۇ كېلىنچەك.

**موماي لارغا چاقچاق**

ئىشىك ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان مومايلارنى كۆرگەن ھېيتەم مەنسۇر تۆۋەندىكى قوشاق بىلەن ئۇلارنى كۈلدۈرۈۋېتىدۇ:

ھەي موماي، ھەي موماي،
كىرىپ كەتسەڭچۇ ئۆيۈڭگە ئادەمنى قىزىقتۇرماي.
لەڭمەن ئېتىپ بېرەمسەن ياكى
ئېلىپ بەرسەم ئىككى بوتۇلكا سۇماي.
مېنى دەمسىلەر ياكى قېرى تارتۇق،
شۇ تاپتا مەن ياش ئوغۇل بالىدىن ئارتۇق.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيە چۇلۇقاي ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا ئائىت فوتو سۈرەتلەر



ساھىبە ياقۇپجان

شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شۋېتسىيەلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن رايونىمىز شىنجاڭغا بولغان قىزىقىشى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى»نىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، شۋېتسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىغان. سېۋېن ھېدىننىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بارغان بىر قانچە قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەلىرى ① ھەمدە شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز كەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن پائالىيەتلىرى ② نەتىجىسىدە شۋېتسىيە مۇزېيلىرى ۋە باشقا تەتقىقات ئورۇنلىرىدا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ھەمدە فولكلورىغا دائىر زور مىقداردىكى ھۆججەت ۋەسىقىلەر توپلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە شۋېتلار قەشقەردە قۇرغان باسمىخانىدا بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب - ماتېرىياللار، مىسسىيونېرلار يەكەن، قەشقەردە تۇرۇش جەريانىدا يازغان كۈندىلىك خاتىرىلەر، شۋېتسىيەگە يوللىغان خەت - چەكلەر، سىنئالغۇ لېنتىسى ③ قاتارلىقلار بار بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلاردىن سىرت شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا يەنە زور مىقداردىكى فوتو سۈرەتلەر ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا دائىر ھۆججەت - ماتېرىياللار ئىچىدە زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ فوتو سۈرەتلەر ئاساسلىقى شۋېتسىيەنىڭ دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيى بىلەن شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ستوكھولمدىكى باش ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، سۈرەتلەر 1892 -، 1938 - يىللار ئارىلىقىدا تارتىلغان. بۇ سۈرەتلەرنى ئۆز دەۋرىدە شۋېتسىيەنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىسسىيونېرلىرىدىن جون تۆرنكۋىست، سىگفرىد مۆئېن، ھاننا ئاندىرسون قاتارلىقلار تارتقان.

## قەشقەردىكى شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېرلار

شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان فوتو سۈرەتلەرنى تارتقۇچىلار ھەرگىز شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەر ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەخسۇس سۈرەت تارتىشنى ئۆگەنگەن كەسپىي فوتوگرافلارمۇ ئەمەس (جون تۆرنكۋىستتىن باشقىلىرى). بۇ مۇشۇ ساھەدە كەسىپ ئەھلى بولمىغان، پەقەت سۈرەت تارتىشقا ھەۋىسى بار شۋېتسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مىسسىيونېرلىرىنىڭ قىزغىن روھى تۈپەيلىدىن رويابقا چىققان.

شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكى دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان ئۆمەك بولۇپ، شۇ يىللىرى شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى چاررۇسىيە تەۋەسىدىكى كاۋكاز رايونى بىلەن جۇڭگونىڭ خۇبېي ئۆلكىلىرىدە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلغان. لېكىن بۇ ئىككى نۇقتىنىڭ ئارىلى-

www.uyghurkitap.com



قى يىراق، ئۆزئارا ئالاقىلىشىش قىيىن بولغان. مانا مۇ-
شۇنداق ئەھۋالدا كاۋكازدىكى تىبلىس شەھىرىدە تۇرۇۋات-
قان پوپ ن . گ. ھۆيىجىر بۇ ئىككى نۇقتا ئارىلىقىدا بىر
يېڭى دىن تارقىتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئا-
رىلىقىدىكى ئۇزاق مۇساپىنى قىسقارتىش ۋە ئۆزئارا ئالا-
قىنى كۈچەيتىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ
يىللاردا ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ دىن تارقىتىش ئۆ-
مەكلىرى ئىراندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ شۋېت مىسسىيو-
نېرلىرىغا رىقابەت ئېلان قىلدۇ. بۇنىڭ بىلەن كاۋكازدى-
كى شۋېت مىسسىيونېرلىرى ئىراندىن ۋاز كېچىپ، ئوتتۇ-
را ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر يېرىدە يېڭى پائالىيەت ماكانى
ئاچماقچى بولدۇ. ھۆيىجىر شىنجاڭنى، بولۇپمۇ بېرىتانىيە
بىلەن چارروسىيەنىڭ پامىرنى تالىشىشتىكى سىياسىي مەر-
كىزى بولغان قەشقەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ
مۇۋاپىق ماكان دەپ قارايدۇ. 1893-يىلى ستوكھولمدا
ئېچىلغان شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتى-
يىدا شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھىرىدە يېڭى بىر دىن تارقى-
تىش نۇقتىسى قۇرۇش ماقۇللانغان ھەمدە كەينىدىنلا بى-
رىنچى تۈركۈمدىكى رەسمىي دىن تارقاتقۇچىلارنى قەش-
قەرگە ئەۋەتكەن. 1894-يىلى 7-ئايدا لارش-ئېرىك
ھۆگبىرگ دېگەن پوپنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر تۈركۈم ئەر-
ئايال شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى قەشقەرگە يېتىپ
كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردە شۋېتسىيەنىڭ تۇنجى
دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇلغان.

قەشقەردە شۋېتسىيەنىڭ دىن تارقىتىش نۇقتىسى قۇ-
رۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار پائالىيەت دائىرىسىنى
قەشقەر ئەتراپىدىكى باشقا شەھەر ۋە بازارلارغا كېڭەيتىش-
كە باشلايدۇ. ئۆز دەۋرىدە زەئىپلىشىپ دىپلوماتىيە جە-
ھەتتىكى ئىقتىدارىنى يوقاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ-
دىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ
بۇ ھەرىكەتلىرىگە سۈكۈت قىلىدۇ. يەرلىك مۇسۇلمان ئاھ-
مىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارشىلىقى ۋە ئەرز-پىكىرلىرىگىمۇ
پەرۋا قىلمايدۇ. شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ يەكەن، يېڭىسار، يېڭىشەھەردە ئۆزلىرىنىڭ
شۆبە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. ئۆز نۆ-
ۋىتىدە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شۋېت مىس-
سىيونېرلىرى دىن تارقىتىش بىلەن بىللە مەكتەپ، دارىلېتې-
تام، دوختۇرخانا ئاچقان، باسمىخانا قۇرغان.

شىنجاڭنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى
داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، شۋېتسىيە دىن
تارقىتىش ئۆمىكى پائالىيىتىنى 1938-يىلغىچە داۋاملاشتۇ-
رالىغان. شۇ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
مايىل شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى بارلىق شۋېت مىسسىيونېرلىرىنى چېگرا-
دىن شەرتسىز چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدى-
كى 50 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان دىن تارقىتىش پائالىيىتى
ئاخىرلاشقان. 50 يىلغا يېقىن دىن تارقىتىش جەريانىدا
جەمئىي 60 نەپەر شۋېتسىيەلىك ئەر-ئايال جەنۇبىي شىن-
جاڭدىكى قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەردە
پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىسسىيونېرلارنىڭ كۆپىنچىسى
خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە دىنىي زاتلار
بولۇپ، ئۇلار قەشقەردە خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش
بىلەن قالماي، بەلكى شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ
ھەرقايسى ساھەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شۇ زامانىدىكى
كۆپ مەنبەلىك يەرلىك مەدەنىيەتتە بىر ئۇلۇش ئورۇنغا
ئىگە بولغان. ئەمما شۇ جايدىكى جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپ
سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن ئاخىر قەش-
قەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. تەكىتلەشكە تېگىشلىك
بىر نۇقتا شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ
بارغان 60 نەپەر ئەر-ئايال شۋېت مىسسىيونېرلىرى ئە-
چىدە كېيىنچە ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، فولكلورى ھەمدە
باشقا ساھەلەردە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر مۇنچە كىشى-
لەر يېتىشىپ چىققان بولۇپ، شۋېتسىيەگە قايتىشتا ئۇلار
ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن زور مىقداردىكى
ماتېرىياللار — قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، مەدەنىيەت يادى-
كارلىقلىرى، قوليازما ئەسەرلەر، ھۈنەر كەسىپ رىسالىلى-
رى، نەسەبنامىلەر، يەر ھۆججەتلىرى، تېبابەت كىتابلىرى،
مەھكىمە شەرئىنىڭ پەتۋالىرى كېيىنكى مەزگىللەردە شى-
ۋېتسىيەدىكى بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ كۇتۇپخانىلى-
رى، مۇزېيلار ۋە ئارخىپخانىلىرىنى شىنجاڭنىڭ مول ۋە-
سىقىلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

### شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان فوتو سۈرەتلەر

ھازىر شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان
فوتو سۈرەتلەر دەل مىلادى 1892-، 1938-يىللار ئارى-



لىقدا قەشقەردىكى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن تارتىلغان بولۇپ، سۈرەتلەردە ئۆز دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى، فولكلور مەدەنىيىتى، كۈندىلىك تۇرمۇش، مەشھۇر شەخسلەر، سىياسىي ئەربابلار، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، دېھقانچىلىق، سودا-سېتىق، كارۋان يوللىرى، ئائىلە مەدەنىيىتى، قىرغىزلار ھاياتى قاتارلىق كەڭ ساھەگە چېتىشلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مىسسىيونېرلار ئۆمىكى شۋېتسىيەگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ سۈرەتلەرنى شۋېتسىيەدىكى ئارخىپخانىلارغا تەقدىم قىلغان. بۇ شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا شىنجاڭغا دائىر سۈرەتلەر بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان سۈرەتلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 20 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ سۈرەتلەر شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيى بىلەن شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ستوكھولمدىكى باش ئارخىپخانىسىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا ساقلانماقتا. ھەر بىر پارچە سۈرەت كارتون قەغەزگە چاپلىنىپ ئاستىغا شۋېتچە چۈشەندۈرۈش يېزىلىپ ۋە نومۇر بېرىلىپ ياخشى ساقلانغان بولغاچقا ئىزدەشمۇ قۇلايلىق.

شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ستوكھولمدىكى باش ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان سۈرەتلەرنى ئاساسەن شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىدىن جون تۆرنكۋىست، سىگفرىد مۇئىن، ھاننا ئاندىرسون قاتارلىقلار تارتقان بولۇپ، بۇ سۈرەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىشىدا ئۇلارنىڭ تۆھپىسى زور. بولۇپمۇ قەشقەر يېڭىشەھەردە ئۇزاق مەزگىل تۇرغان جون تۆرنكۋىست بىر كەسپىي فوتوگراف بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى كۆپ سۈرەت تارتقان. ئۇ بۇ سۈرەتلەر ئاساسىدا 1926-يىلى ستوكھولمدا «قەشقەر» ناملىق رەسىملىك ئېتنوگرافىيەلىك كىتابنى نەشر قىلدۇرغان.

شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيىدىكى فوتو سۈرەتلەر «فراننى يىغمىلىرى» ۋە سىگفرىد مۇئىن نامىدىكى شىنجاڭغا دائىر فوتو سۈرەتلەر بۆلۈمىدە ساقلانغان.

«فراننى يىغمىلىرى» — شۋېتسىيەلىك ئارختېكتور ۋە فوتوگراف سامۇئىل فراننىنى ئەسلەش يۈزىسىدىن ئۇ يىغىپ ساقلىغان يادىكارلىقلارغا شۇنداق نام بېرىلىپ بىر مەخسۇس فوتو سۈرەتلەر مەركىزى قۇرۇلغان. فراننى 1908-يىلى تۇغۇلغان. ئۇ بىناكارلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ شۇغۇللانغان كەسپىمۇ بىناكارلىق بولغان. ئۇ شۋېتسىيە چېركاۋى دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولغان. فراننى شۋېتسىيە چېركاۋىنىڭ شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتىگە ئىنتايىن قىزىققان. ئۇ ئۆزى قەشقەرگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى دىن تارقىتىش پونكىتلىرى تارتقان سۈرەتلەرنى يىغىپ توپلاشقا كىرىشكەن. ھاننا ئاندىرسوننىڭ 1982-يىلى ئەتىيازدا 1915-يىلىدىن 1928-يىلغىچە تارتقان سۈرەتلىرىدىن شىنجاڭغا ئالاقىدار 1360 پارچە سۈرەتنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇ يىغىپ ساقلىغان بۇ سۈرەتلەر «فراننى يىغمىلىرى»نىڭ باشلىنىشى بولغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ قىلچە بوشاشماستىن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قولىدىن جەمئىي 8631 پارچە سۈرەت يىغقان. بۇ سۈرەتلەر 3116 قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتا ساقلانغان. فراننى 1988-يىلى ئۆزى ساقلىغان بۇ سۈرەتلەرنى شۋېتسىيە دۆلەت ئارخىپ سارىيىغا



تاپشۇرۇپ بەرگەن. ھازىر بۇ سۈرەتلەر پېچەتلەنگەن 115 قەلەي ئوراقتا ساقلاقلىق بولۇپ ئۇلارغا رەت نومۇرى سېلىنغان. بىرىنچى ئوراقتا فىراننىنىڭ بۇ سۈرەتلەرنى يىغىپ توپلاش جەريانى، سۈرەتلەرنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقى، يىغىپ توپلانغان بۇيۇملار ھەققىدىكى يازما ماتېرىياللارنى قانداق توپلىغانلىقى ۋە ساقلانغان سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدىكى ئىزاھلار، جۈملىدىن شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە ئۇلار ئىلگىرى ئىشلىگەن دىن تارقىتىش پونكىتلىرىنىڭ ئىسمى كىرگۈزۈلگەن. فىراننى ساقلىغان بۇ سۈرەتلەر ئىچىگە ئۆزى زىيارەت قىلغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى، كىنو لېنتىسى ۋە سىنئالغۇ ماتېرىياللىرىنى قىستۇرۇش ئارقىلىق بۇيۇملارنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ تولۇقلىغان. فىراننى بارلىق مۇمكىنچىلىكتىن تولۇق پايدىلىنىپ مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، بەزى سۈرەتلەرنىڭ پىلىيونكىسىنى قولغا چۈشۈرگەن ھەمدە ئۇنى يىغىپ ساقلانغان يادىكارلىقلار ئارىسىغا قىستۇرغان. دېمەك، بۇ سۈرەتلەرنىڭ يىغىپ توپلىنىشى، ساقلىنىشىغا فىراننى جىق قان ـ تەر سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت بۇ سارايدا يەنە سىگفرىد مۇئىن نامىدا شىنجاڭغا ئائىت فوتو سۈرەتلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. بۇ بۆلۈمدە تەخمىنەن 5000 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ساقلانغان، بۇ سۈرەتلەر شۋېتسىيە دىن تارقىتىش جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكى فوتوگراف سىگفرىد مۇئىن تەرىپىدىن تارتىلغان. ئۇ تارتقان سۈرەتلەر 17 ئالبوم بولۇپ، بۇ سۈرەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە شۋېتچە ئىزاھات بېرىلگەن بولغاچقا، يىغىپ ساقلانغان يادىكارلىقلارنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان.

دېمەك، بۇ ئىككى ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا دائىر سۈرەتلەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، فىراننى يىغىپ ساقلىغان 8631 پارچە سۈرەت، سىگفرىد مۇئىن نامىدىكى 5500 پارچە سۈرەت، ستوكھولمدىكى شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باش ئارخىپخانىسىدىكى 5000 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت بولۇپ جەمئىي 20 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ④.

## فوتو سۈرەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار

شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان سۈرەتلەرنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، شۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى ستوكھولم باش ئارخىپخانىسىدىكى سۈرەتلەردە مىسسىيونېرلارنىڭ قەشقەر ۋە يەكەندىكى ئائىلىۋى تۇرمۇشى، دوختۇرخانىلىرى، باسمىخانىسى ھەمدە مەكتەپ كۆرۈنۈشلىرى؛ قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ قەشقەرگە بېرىشتىكى ھەيۋەتلىك يول مەنزىرىلىرى، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ۋە ئىنگلىزلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، قەشقەر، يەكەن، يېڭىسارلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېمەك ـ ئىچمىكى، ئۆي جاھازىلىرى، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ئەھۋاللىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بازارلار، مازار ـ خانىقالار، كوچا ـ كويلار، شەھەر سېپىللىرى، دەريا ـ ئۆستەڭلەر، ئېتىز ـ ئېرىقلار، سوپى ـ دەرۋىشلەر، جاھانكەزدى ـ دىۋانىلەر، ئات ـ ئۇلاقلار، يارىيار ھارۋىلار، خامان، تۈگمەنلەر، ئۇستا ـ ھۈنەرۋەنلەر، ناۋاي ـ قاسساپلار، سۇ توشۇغۇچىلار، ساتىراشلار، ئاشپۇزۇللار ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن⑤.

شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان «فىراننى يىغىملىرى» نامىدىكى سۈرەتلەردە دىن تارقاتقۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ۋە قارا قۇرۇم چوققىلىرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دىن تارقىتىش ۋە باشقا خىزمەتلىرى ئىپادىلەنگەن. گۇننار ئالفرىد فىراننى ياررىڭ ئۆزىنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن كىتابىدا فىراننى يىغىملىرى نامىدىكى فوتوسۈرەتلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلار ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ 145 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچ ئىچىدىكى سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارغا بۆلگەن⑥:

1. يېزا ـ ئىگىلىك، تېرىقچىلىق، يەرنى تېرىنلاش، خامان تېپىش، دەرەخ شاخلىرىنى پۇتاش.
2. قوي بېقىش، قوي يۇڭىنى پىششىقلاپ ئىشلەش.
3. تۈگمەن، گۈرۈچ ئاقلاش.
4. كەشتە ئىشلەش، مېۋىلىك دەرەخ تىكىش.
5. تاش تۇز ئىشلەپچىقىرىش.
6. بېلىقچىلىق.
7. توقۇمىچىلىق، پاختا، يۇڭ يىپ ئىگىرىش، كىگىز، پايپاق توقۇش، ماشىنا بىلەن توقۇش.
8. سامسىپەز.
9. كوچىدىكى ئاشخانا.
10. ئەپكەشچى.
11. پىچاق چاقلىغۇچى.
12. ساتىراش.
13. سازەندە، ناخشىچى.
14. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار، گۆركارلار.
15. دىۋانە، تەشكىللىك دىۋانىلەر.
16. قەغەزچىلىك.
17. بازار، بازارغا بېرىش.

142 ـ نومۇرلۇق قەغەز قىستۇرغۇچتىكى سۈرەتلەردە ھەر تۈرلۈك قاتناش قوراللىرى ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرى، كارۋانلارنىڭ تۇرمۇشى، يوللار ۋە كۆۋرۈكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

143 ـ نومۇرلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇغىرىش ئەھۋاللىرى، 147 ـ نومۇرلۇقتا ھېيت ـ ئايەم سۈرەتلىرى، 149 ـ نومۇرلۇقتا شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىغا ئائىت سۈرەتلەر، يېزىلاردىكى مازارلار، ناماز ئوقۇش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.


«فرانىنى يىغمىلىرى» دىكى بىر قىسىم سۈرەتلەر ئەنگىلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىغا ئائىت بولۇپ، ئۇنىڭ سانى ۋە مەزمۇنى ناھايىتى مول. بۇ كونسۇلخانىنىڭ ئىمارىتىنى شۋېتسىيەلىك دىن تارقاتقۇچى خوگبېرگ لايىھەلەپ سالدۇرغان بولۇپ، يىغىپ ساقلانغان سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.


«فرانىنى يىغمىلىرى»دا يەنە چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭنى ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەرمۇ بار بولۇپ، ئاساسلىقى 30 ـ يىللارنىڭ دەسلەپىدىكى سىۋېن ھېدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەھۋالى، جۈملىدىن ھېدىننىڭ، ئېرىك نارىن، نىلس ئامبوت ۋە تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەرمۇ بار.

107 ـ نومۇرلۇق قەغەز قىستۇرغۇچتا 1927 ـ يىلى ۋە 1928 ـ يىللىرىدىكى گېرمانىيە تىرىنكىللىر ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر بار.

گوستاف مانىرھېم (ئۇ كېيىن فىنلاندىيەنىڭ پىرېزىدېنتى بولغان) 1906 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە ئەنجاندىن بېيجىڭغىچە قىلغان ئاتلىق ئېكسپېدىتسىيەسى داۋامىدا قەشقەر ۋە يەكەندە بىر نەچچە ئاي تۇرغان. ئۇ يەردىكى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان. ھەتتا راگۇيىتقا كېسىلىنى كۆرسەتكەن. 104 ـ نومۇرلۇق قاتتىق قەغەز قىستۇرغۇچتا قىستۇرۇلغان 22 پارچە سۈرەتتە مۇشۇ ئىش خاتىرىلەنگەن.

شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيىدىكى سىگفرىد مۇئىن نامىدىكى 5000 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت 17 ئالبومغا ئېلىپ ساقلانغان. تۆۋەندىكىلىرى شىنجاڭنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئالاھىدە قىممەتكە





ئىگە بىر قىسىم سۈرەتلەر⑦:

1 ـ ئالبوم. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى سۈرەتلەر.

2 ـ ئالبوم. قەشقەر شەھرىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە 30 ـ يىللاردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى سۈرەتلەر، قەشقەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا ياشايدىغان قىرغىزلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر.

6 ـ ئالبوم. لاداقتىن جۇڭگو شىنجاڭغا قاتنايدىغان كارۋان يولى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر.

7 ـ ئالبوم. قىرغىزلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سۈرەتلەر، يەنە ھىمالايا تېغىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا قاتنايدىغان كارۋان يولى توغرىسىدىكى سۈپەتلىك تارتىلغان بىر قىسىم سۈرەتلەر.

12 ـ ئالبوم. قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار ھەققىدىكى مول مەزمۇنغا ئىگە سۈرەتلەر، ئاساسلىقى 30 ـ يىللاردىكى ئەھۋاللارتوغرىسىدىكى سۈرەتلەر.

13 ـ ئالبوم. شىنجاڭ توغرىسىدىكى ۋە ھىمالايا تېغىدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ سەپەر ئەھۋالى توغرىسىدىكى سۈرەتلەر.

دېمەك، سۈرەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۆزىنىڭ مول ھەم جانلىق بولغان ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىنى ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىرى تەلپۈنىدىغان ماتېرىيال ئامبىرىغا ئايلاندۇردى.

### فوتو سۈرەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تەتقىقات قىممىتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ـ شۋېتسىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى بارغانسېرى كۈچەيدى. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چېگرا رايون تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات مەركىزى شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى غەربىي يۇرت سەنئەت تەتقىقات جەمئىيتى بىلەن شۋېتسىيە دۆلەتلىك مىللىي مۇزېي سېۋىن ھېدىن فوندى جەمئىيتى بىرلىكتە ئۇرۇمچىدە «20 ـ ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا شىنجاڭدا شىۋېتسىيەلىكلەرنىڭ بىر تۈركۈم شەرقشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرى، جۈملىدىن غەربىي رايوننى چارلاپ تەكشۈرۈشكە دائىر ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمىلىرى نەشر قىلىندى. شۋېتسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، غەربىي رايوننى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن مۇشۇنداق پەيتتە شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى سۈرەتلەرنى تەتقىق قىلىش تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، بۇ سۈرەتلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ سۈرەتلەردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەنزىرىسى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، فولكلور مەدەنىيىتى، مەشھۇر شەخسلەر، سىياسىي ئەربابلار، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، دېھقانچىلىق، سودا ـ سېتىق، قىرغىزلار ھاياتى، بىناكارلىق، كارۋان يوللىرى، ئائىلە مەدەنىيىتى قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

ئىككىنچىدىن، قەشقەردىكى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تارىختا جۇڭگو بىلەن شۋېتسىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا يېرىم ئەسىرگە يېقىن پائالىيەت قىلغان شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم تارىخىي تېما. شۋېتسىيە ئارخىپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان سۈرەتلەردە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى،

ئۇلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ۋە قارا قۇرۇم چوققىلىرىـ
دىن ئۆتۈش جەريانىدا تارتقان ئازاب- ئوقۇبەتلىرى،
قەشقەردىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى، ئۇلار ئاچقان
مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە باسمىخانىلارغا دائىر كۆرۈنۈشـ
لەر بولۇپ، بۇ سۈرەتلەر بىزنى مىسسىيونېرلارنىڭ قەشـ
قەردىكى پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللار
بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئېكسپېـ
دىتسىيە، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،
ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
تارىم ئويمانلىقى ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلۈپ،
چەت ئەلدىكى نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەكشۈرۈش
خادىملىرى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش خىزـ
مىتى بىلەن شۇغۇللانغان. «فىرانىي يىغىپ ساقلىغان يادىـ
كارلىقلار»دا چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا ئىلمىي تەكشۈـ
رۈش ئېلىپ بارغانلىقىغا ئائىت سۈرەتلەر كۆپ بولۇپ،
ئاساسلىقى 30 - يىللارنىڭ دەسلىپىدىكى سېۋىن ھېدىن تەكـ
شۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەھۋالى، جۈملىدىن ھېدىننىڭ ئېرىك
نارىن، نىلس ئامبۇت ۋە تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن ئالاـ
ھىدە مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ پاـ
ئالىيەتلىرى، گېرمانىيە تىرىنكىللىر ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىـ
نىڭ شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈش، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش
ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەردۇر. بۇ سۈرەتلەر
بىزنىڭ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى
پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا جانلىق پايدىلىنىش ماـ
تېرىيالى بولالايدۇ.

دېمەك، شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيى بىلەن
شىۋېتسىيە دىنىي جەمئىيىتى ستوكھولىم باش ئارخىپخانىـ
سىدا ساقلىنىۋاتقان، 1892 -، 1938 - يىللار ئارىلىقىدا شىنـ
جاڭدا تارتىلغان سۈرەتلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، چېتىلىش داـ
ئىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولluqى بىلەن بىزنىڭ
تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ
سۈرەتلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى، پايدىلىنىشىمىزنى
كۈتمەكتە.

ئىزاھلار:

① سېۋىن ھېدىن شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى بولۇپ،
1890 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە شىنجاڭغا بەش قېتىم ئېكسپېدىتسىيە
قىلىپ كەلگەن. ئادىل مۇھەممەد تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ
تارىخ- جۇغراپىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 - يىل،
12 - ئاي، 1 - نەشرى، 177 - بەت.

② شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىكى 1892 - يىلدىن 1938 -
يىلغىچە شىنجاڭدا دىن تارقىتىش ۋە باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇـ
غۇللانغان. گۇننار ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، 9 - ئاي، 1 - نەشرى، 341 - بەت.

③ شىۋېت مىسسىيونېرلىرى 1930 - يىللارنىڭ بېشىدا ياۋروـ
پادا ئىشلىتىلگەن كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى بىلەن يەكەندىكى
مەكتەپ بالىلىرىنى سۈرەتكە ئالغان. بۇ لېنتا ھازىرمۇ شىۋېتسىيەدە
ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسئەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»،
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل، 7 - ئاي، 1 -
نەشرى، 132 -، 133 بەتلەر.

④ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىـ
ۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل، 7 - ئاي، 1 - نەشرى، 186 - بەت.

⑤ ئەسئەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇـ
نىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل، 7 - ئاي، 1 - نەشرى، 129 -
بەت.

⑥، ⑦ گۇننار ئالفرىد ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، 9 - ئاي، 1 - نەشرى، 345 -،
346 -، 347 -، 249 -، 350 - بەتلەر.

پايدىلانمىلار:

1. گۇننار ئالفرىد ياررىڭ: «قەشقەرگە قايتا سەپەر»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل، 9 - ئاي، 1 - نەشرى.

2. ئەسئەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇـ
نىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 - يىل، 7 - ئاي، 1 - نەشرى.

3. ئادىل مۇھەممەد تۇران: «قەدىمكى قەشقەرنىڭ تارىخ-
جۇغراپىيەسى 1»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 - يىل، 12 -
ئاي، 1 - نەشرى.

4. كاتارىن ماكارتېي (ئەنگلىيە): «قەشقەرنى ئەسلەيمەن»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل، 9 - ئاي، 1 - نەشرى.

5. يولۋاس مۇھەممەدئىمىن: «ئۈستى ئوچۇق مۇزېيـ
قەشقەر» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 - يىل، 5 - ئاي، 1 -
نەشرى.

6. جۇشۇەن، سۇي يەنخۇ: «شىۋېتسىيە مىسسىيونېرلار ئۆمىـ
كىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1999 - يىل، 4 - سان.

7. ئەسئەت سۇلايمان: «شىۋېتسىيەدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتـ
قىقاتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «جۇڭگو مىلـ
لەتلىرى» ژۇرنىلى 2006 - يىل، 1 -، 2 - سانلىرى.

8. زۇلھايات ئۆتكۈر: «شىۋېتسىيەدىكى تارىخىي ماتېرىيالـ
لاردا ئۇيغۇر كىيىم- كېچەكلىرى توغرىسىدا»، «مىراس» ژۇرنىلى،
2009 - يىل، 2 - سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ
فاكولتېتى 2004 - يىللىق 12 - سىنىپ)



# ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىيات ھەققىدە

غالىب خوجىئابدۇللا

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، يېزا-ئىگىلىك مەدەنىيىتى ۋە سانائەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قەدىمدىن بۇيان بۇ ئۈچ خىل مەدەنىيەت باسقۇچىنى بېسىش جەريانىدا، قانداق قىلغاندا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، جەمئىيەت ئېكولوگىيەسى بىلەن تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى باراۋەر، ئادىل ۋە توغرا ھەل قىلىش ھەققىدە ئويلانغان. بۇخىل ئويلىنىش تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر خىل جانلىق، ئۆسۈملۈك، ئۇچار قۇش، ھاشارات قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشتا قانداق مۇھىم بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، ئۆرپ - ئادىتى، تىلى، گۈزەللىك قاراشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، تارىخ ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىمۇ جەمئىيەت ئېكولوگىيەسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشتا شۇنداق مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. ئىنسانىيەتنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداشقا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن مەدەنىيەت ئەندىزىلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ماسلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىگە ئىگە جەمئىيەت قۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى چىقىش يولى قىلىپ تاللىۋالدى.

يەر شارىدىكى بارلىق ھاياتلىق تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى جانلىقلارنىڭ ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشى يەر شارى بىلەن ئايرىلماس بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغان. تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ ئائىلىگە تەۋە ئىنسانلار، گەرچە ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى ۋە زېھنىگە تايىنىپ غايەت زور ياشاش

مۇھىتتا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى يەنىلا ئېكولوگىيەلىك ئامىللار بىلەن باشقا جانلىقلارنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار پائالىيىتى يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ ئائىلىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا يېيىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى بۇ ئائىلىدىكى باشقا ھاياتلىقلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە خەۋپ يەتسە، ئوخشاشلا ئىنسانلار جەمئىيىتىگىمۇ خەۋپ يېتىدۇ. ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىيات دەل مۇشۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن.

ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىيات (خەلقئارادا تەبىئەت ئەدەبىياتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگىنىمىز: تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار تۇرمۇشىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئىنسان قەلبىنى ئۇلار بىلەن مۇڭداشتۇرۇپ، تەبىئەتنى تونۇتۇش، تەبىئەتنى قوغداش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەتتە ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنىڭ مەلۇم بىر تۈرىنى ناھايىتى ئۇزاق كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىنى يازىدۇ. ھەرگىز مەسەل يازغۇچىلىرىدەك ئادەملەر تۇرمۇشىنى جانلىقلار تۇرمۇشىغا، ئۆسۈملۈكلەر تۇرمۇشىغا ۋە نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر بولماي مەسەل بولۇپ قالىدۇ. ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر خىل جانلىقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوبرازلىق، جانلىق ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ شۇ خىل جانلىققا بولغان ھېسسىياتى، مۇھەببىتى، گۈزەللىك قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى شۇ خىل جانلىقنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى يورۇتۇپ، ئىنسانلارغا تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىلىرى جانلىقلارنى كۆزىتىش جەھەتتە ھايۋاناتشۇناسلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جانلىقلار دۇنياسىنى سىرتتىن كۆزەتمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزىتىدۇ. تاغلاردا، ئىپتىدائىي ئورمانلاردا، ساسلىقلاردا ھەتتا چۆل-جەزىرىلەردە ئايلاپ-يىللاپ ھەتتا نەچچە ئون يىللاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى، يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنى، نەسىل قالدۇرۇش، كۆپىيىش ئادەتلىرىنى، باللىرىنى تەربىيەلەش ئادەتلىرىنى ۋە ئۆزئارا ئالاقە قىلىشتىكى ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى كۆزىتىدۇ. ھايۋاناتشۇناسلار جانلىقلار دۇنياسىنى ئىلمىيلىك جەھەتتىن، ئوبيېكتىپ نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرسە، ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىلىرى ئۇلارنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپلا قالماي، سۇبيېكتىپ جەھەتتىنمۇ چۈشەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان ھېسسىياتىنى، مۇھەببىتىنى، قىممەت قارىشىنى، گۈزەللىك قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق جانلىقلار دۇنياسىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتى يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى، تەبىئەتنى سۆيۈش، جانلىقلار دۇنياسىنى سۆيۈشنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنى قوغداشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەڭ دەسلەپ غەرب ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن. ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ئامېرىكىلىق ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىسى پالىس ئاساس سالغان. دۇنياغا مەشھۇر ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىسى پالىس مىلادى 1837-يىلى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىنىڭ كاسگىر تاغلىق رايونىنىڭ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دېھقانمۇ ھەم ئوقۇتقۇچىمۇ بولغان. ئۇ 1873-يىلىغا كەلگەندە خادسون دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۇ يەردىن بىر دېھقانچىلىق مەيدانى سېتىۋالغان. ئۇ بۇ يەردىكى قۇشلار ماكانلاشقان تاغ ئارىسىغا ئۆز قولى بىلەن لايىھەلەپ بىر تاش كېمىر ياسىغان. بۇ ئۆي تاغ ئارىسىغا سىڭىنغاچقا، ئۇنىڭغا «تاغ ئارىسىدىكى تاش كېمىر» دەپ نام قويغان. ئۇ بۇ يەردە ئۆمۈربويى دۇربۇن، ئوتۇغۇچ ۋە

قەلەمدىن ئىبارەت ئۆچ نەرسىدىن ئايرىلماي، بىر تەرەپتىن دۇربۇن بىلەن جانلىقلار دۇنياسىنى كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېزىقچىلىق قىلغان. ئۇ ئۆمرىدە 25 پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار ۋە قۇشلار تەسۋىرلەنگەن.

پالىس ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭمۇرەڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرى بىلەن تەبىئەتنى ۋە قۇشلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ، ئامېرىكىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىكى كاسگىر تاغ تىزمىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، تەبىئەتنى، جانلىقلار دۇنياسىنى ۋە قۇشلارنى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق، تەبىئەتنى چۈشىنىش، تەبىئەتنى قوغداش، تەبىئەتنى سۆيۈش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سۈرگەن. ئۇنىڭ «ئويغانغان ئورمان»، «قۇياش پارلىغان كۆن» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەر ئىجادىيىتىدىكى نادىر ئەسەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلار ۋە قۇشلارنىڭ تۇرمۇشى تەبىئىي ۋە جانلىق تەسۋىرلىنىپلا قالماي، ئالغا سۈرگەن ئىدىيەسىنىڭ يېڭىلىقى ئەينى دەۋردىكى سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى روزۋېلت ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «مەن پالىس ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چوڭ بولغان، مېنىڭ تەبىئەت ئېكولوگىيەسى ھەققىدىكى ئىدىيەمنىڭ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مەنبە قىلغان» دېگەن. پالىس ئەسەرلىرى ۋە بۇ ئەسەرلەر ئالغا سۈرگەن ئىدىيە ئەينى دەۋردىكى ئامېرىكا جەمئىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردە پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «قۇياش پارلىغان كۆن» ناملىق ئەسىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا مەملىكىتىمىزدە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن.

پالىس «ئويغانغان ئورمان» ناملىق ئەسىرىدە بۈركۈتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «بۈركۈتنىڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىشى ھەرىكەت ئىچىدىكى جىمجىتلىققا سىزىلغان، گۈزەللىكتە چەككە يەتكەن مۇكەممەل بىر پارچە سۈرەتكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پەرۋازى كەپتەر ۋە قارلىغاچقا قارىغاندا كىشىنى تېخىمۇ بەك جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاسمانغا پەرۋاز قىلغان ۋاقىتتىكى تىرىشچانلىقىنى كىشىلەر كۆزى بىلەن ئاسان بايقىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاسمانغا پەرۋاز قىلىشى شۇنچىلىك تەبىئىي بولىدۇكى، كىشىلەر ئۇنى مەلۇم كۈچ ئارقىلىق ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلمايدۇ».

ئۇ يەنە ھەسەل ھەرىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر ھەسەل ھەرىسىنى گۈل بەرگىلىرىدىن ھەسەل يىغىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەسەل ھەرىسى گۈل بەرگىلىرىدىن مانىنتول دەيدىغان بىر تەركىبنىلا يىغىدۇ. مانىنتولنىڭ ھەسەلگە ئايلىنىشىغا مەلۇم بىر جەريان كېتىدۇ. ھەسەل ھەرىسى مانىنتولدىكى سۇ تەركىبىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنى ئازلىتىپ ئۇنىڭغا ئازراق مېتان كىسلاتاسى قوشۇپ ئاندىن ئۇنى تاتلىق ھەسەلگە ئايلاندۇرىدۇ. ھەسەل ھەرگىز گۈلنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس بەلكى ھەسەل ھەرىسىنىڭ مەھسۇلاتى».

پالىس جانلىقلار دۇنياسى ۋە قۇشلار تۇرمۇشىنى بىر ئۆمۈر ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق كىشىلەر بايقىيالمىغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرىنى بايقاپ، ئۇلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن. دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر جانلىقلار دۇنياسى ۋە قۇشلار ھەققىدىكى بىر قىسىم خاتا قاراشلىرىنى پالىس ئەسەرلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق توغرىلىغان. كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ باغلىنىشى ۋە تەبىئەت ئېكولوگىيەسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمۇ پالىس ئەسەرلىرى ئارقىلىق مۇكەممەللەشكەن.

ئەينى دەۋردە پالىس ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ ئىنتايىن قىزىققان. ئۇنىڭ «تاغ ئارىسىدىكى تاش كېمىر» ناملىق بۇ تۇرالغۇسىنى زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى، بۈيۈك كەشپىياتچى ئېدىسون ۋە ئاپتوموبىل پادىشاھى فورت قاتارلىقلارمۇ بۇ تۇرالغۇدا مېھمان بولغان. بۇ تۇرالغۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىياتىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى بولۇپ قالغان.

پالىس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدا «پالىسنى خاتىرىلەش جەمئىيىتى» قۇرۇلغان. ئۇنىڭ «تاغ ئارىسىدىكى تاش كېمىر»ى دۆلەتلىك تارىخىي مىراسقا كىرگۈ-

زۇلۇپ قوغدالغان. ئامېرىكىدا 11 مەكتەپ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى جانلىقلار دۇنياسى ۋە قۇشلارنىڭ تۇرمۇشىنى جانلىق، ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىنسانلارنى تەبىئەتنى سۆيۈشكە، تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ۋە تەبىئەتنى قوغداشقا چاقىرىق قىلغان.

يۇقىرىقى بايانلار گەرچە ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئائىت بارلىق مەزمۇنلارنى ۋە نەزەرىيەۋى چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلاردىن ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىياتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئېھمىلىكى ۋە بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ رولىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە قىسمەن چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز.

ئاپتونوم رايونىمىزدا تەڭرىتاغ تىزمىسى، قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسى، ئالتاي تاغ تىزمىسى قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر تاغ تىزملىرى بار. بۇ تاغلاردا بىز بايقىغان شۇنداقلا بايقاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر، جانلىقلار، ئۇچار قۇشلار بار. تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردا چەكسىز كەتكەن چۆللۈكلەر، ساسلىقلار، كۆللەر، دەريالار ۋە خىلمۇخىل ياۋايى ھايۋانلار بار. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تاغلاردا، چۆللۈكلەردە، دەريالاردا ۋە باشقا جايلىرىدا ياشاۋاتقان جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۇرمۇشى، ياشاش مۇھىتى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار جەھەتتىكى چۈشەنچىمىز يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جانلىقلار دۇنياسىنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە جانلىق، ئوبرازلىق ۋە ئىنچىكە سۈرەتلەش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل جانلىقلار ھەققىدە تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇبادا بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىمۇ خۇددى پالسقا ئوخشاش ئېكولوگىيەلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جانلىقلارنى كۆزىتىشكە، تەتقىق قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئايلاندۇرۇپ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنالىسا، خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى قوغداش ۋە تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئېڭىنى ئۆستۈرگىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: قوراللىق ساقچى قىسىم ئۇرۇمچى كوماندىرلار ئىنستىتۇتى مىللىي تىل كافېدراسىدا)

# ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بولغۇنىگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017

**ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىلىدىكى «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى



تۇرغۇن ئىبراھىم

بۇرگە زەي، زىغىر پاخاللىرى ئارىسىدا ياشايدىغان قان شورىغۇچى پارازىت.

بۇرگىنىڭ مەشرەپلەردە قوشاققا قېتىلىپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشىنىڭ مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ئەينى زاماندا يانچىلار ۋە كەمبەغەل دېھقانلار باي - غوجاملارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى كۆزىتىپ جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر، بايلارنىڭ كەمبەغەللەرنى ئېزىشىدەك رېئاللىقلارنى قامچىلاش ئۈچۈن ئوچۇق - ئاشكارا سۆز قايتۇرالمىسىمۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ «جان بۇرگەم قوشىقى»نى مەيداندا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئەزگەن باي - غوجاملارنى بۇرگىگە ئوخشىتىپ ئۇنى مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئېيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تويماس نەپسى ۋە ئەپت - بەشىرىسىنى قامچىلىغان ھەمدە «بۇرگەم 80 مىڭ جىڭ يەم يەيدۇ، 70 مىڭ باغ بېدە يەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق بايلارنىڭ تويمىغۇر نەپسانىيەتچىلىكىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «بۇرگەمگە ئوقۇر سالىمەن، يوتقاندا ياتۇر، كۆزلەرى پارقىراپ ياتۇر» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق زالىملارنىڭ خاراكتېرىنى بۇرگىنىڭ خاراكتېرىگە چېتىپ پۇخالىرىدىن چىققان. خەلقىمىز جان بۇرگەم قوشىقى ۋە مەزمۇنلىرىنى ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەم ئۇنى ئاھاڭغا سېلىش، ئۇسسۇل يانداش، چالغۇلار بىلەن تەڭكەش قىلىش ئارقىلىق خېلى مۇكەممەل سەنئەت تۈرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش، مەشرەپ، تويلاردا ئوينىغان.

جان بۇرگەم ئۇسسۇلى ۋە ناخشىسىنىڭ قايسى مەزگىللەردىن باشلاپ ئېيتىلىشقا باشلىغانلىقى، ئەڭ دەسلەپ قەيەردە، كىملەر تەرىپىدىن شۇنداق قوشاقلارنىڭ توقۇلغانلىقى توغرۇلۇق ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما «غۇلجا خەلق قوشاقلىرى» دېگەن كىتابقا جان بۇرگەم ئۇسسۇلى ۋە ناخشا تېكىستىنىڭ جەمئىي 114 مىسراسى رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنى 1984 - يىللىرى غۇلجا شەھىرىدىن مىياش نۇرى، چاپچال ناھىيەسىنىڭ قاينۇق يېزىسىدىن ئابدۇللا روزىلار ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن.

«جان بۇرگەم» ئويۇنىنىڭ غۇلجا ناھىيەسىنىڭ كەڭ يېزىلىرىدا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «بورسوسۇن» ①ئەتراپلىرىدا ئويناغانلىقى، نوغايتۇ، پەنجىم، تۇرپانيۈزلىرىدىمۇ بۇ ئۇسسۇلنى ئوينايدىغان بىر قانچە ئەل نەغ-

مىجىلەرنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. مەن ئىگىلىگەن بەزىبىر ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا 1930 ـ يىللاردا غۇلجا ناھىيەسىنىڭ بايتوقاي يېزىسى تاھىر يۇزىدىن ئىسكەندەر شايىم دېگەن بىر ئەلنەغمىچىنىڭ ئېيتقانلىقى، 1950 ـ، 1960ـ يىللاردا تۆۋەنكى پەنجىمدىن قۇربان بارات (1998ـيىلى 70 ياشلار ئۆپچۆرىسىدا ۋاپات بولغان)، يۇقىرى روزىمەتيۈزىدىن يۇسۇپجان ماناپ، ئاللەم تۇردى (1922ـ 1993) قاتارلىق غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچى، قىزىقچى، سازەندىلىرىنىڭ ئېيتىدىغانلىقى، نوغايتۇدىن داۋۇتجانىڭمۇ (2003ـ يىلى 80 ياشتىن ئېشىپ نوغايتۇدا ۋاپات بولغان) ياش ۋاقىتلىرىدا سورۇنلارنى «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى بىلەن قىزىتىدىغانلىقى، ئويمانبايتوقايدىكى مۇسانىڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكى مەلۇم، بۇگۈنكى كۈندە غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئۇچچۇن يېزىسى قىشلاقتامدىكى ئۈمەرجان ئاكىمۇ بۇ قوشاقنى ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۈمەرجان ئاكا «جان بۇرگەم» دېگەن ئويۇننى تۇنجى قېتىم ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇچچۇن يېزىسىنىڭ قىشلاقتام مەھەللىسىدە، يەنى 1947 ـ يىلى كىچىك دادىسى مۇسانىڭ ئۆيىدىكى بىر قېتىملىق مەشرەپ سورۇنىدا كۆرگەن. سورۇندا ئىبراھىم دېگەن بىرەيلەن سورۇن ئارىلىقىدا باشقىلارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى بىلەن ھازىر ئۆزى ئېيتىۋاتقان «جان بۇرگەم» تېكىستىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قانچە مىسرا قوشاقنى ئوقۇپ سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن ئىكەن:

بۇرگەم بەش مىڭ جىلىڭ يەم يەيدۇ،
ئالتە مىڭ باغ بېدە يەيدۇ.
بۇنىڭغا ئوقۇر سالىمەن،
بۇرگەم سەمەدى،
بازارغا ئاپىرىپ ساتىمەن.
...

ئۈمەرجان ئاكا شۇ چاغدا يۇقىرىقى مىسرالارنى يادىغا ئېلىۋالغان. كېيىن بىلىشچە بۇ «جان بۇرگەم» دېگەن ئويۇن ئىكەن. ئۈمەرجان ئاكا كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە شۇ مىسرالارغا ماسلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە خېلى كۆپ مەزمۇنلارنى قوشقان، بەزى مەزمۇنلارنى ئىزدەپ ـ سوراپ يۈرۈپ تاپقان ۋە ئۇلىغان. تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن مۇناسىپ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ياندىغان ھەم توي ـ تۆكۈن، كەچلىك ئولتۇرۇش، مەشرەپ ۋە سەيلە ـ ساياھەت سورۇنلىرىدا ئويناپ يۈرگەن.

ئۈمەرجان ئاكا ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى تۈرتكىسىدە جان بۇرگەم ئۇسسۇلى ۋە ناخشىسىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپلا قالماي 1960ـ يىللاردىن باشلاپ تېكىست ئاھاڭىنى ھازىرقى ئاھاڭغا سېلىپ تېكىست، ئۇسسۇل ھەم يېقىملىق كۈي ۋە ئاھاڭلار ئۆزئارا بىرلەشكەن يېپيېڭى ھالەتتىكى ھازىرقى جان بۇرگەم ئۇسسۇلى ناخشىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

شۇڭلاشقا «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، يىغىلىش، باش چۆشۈرگە (تويى بولغان يىگىتنىڭ ئولتۇرۇشى) ۋە تويى بولغان قىزنىڭ ئولتۇرۇشى يەنى مەيلىس (مېلىس) قاتارلىق ئامموۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا دۇتار ۋە باشقا سازلار بىلەن ئورۇندىلىپ، خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل ئېچىشتىكى سەنئەت تۈرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

جان بۇرگەم ئۇسسۇلىنىڭ تېكىست مەزمۇنى قانداق قۇراشتۇرۇش، قانچىلىك ئۆزارتىش پەقەت ئورۇندىغۇچىنىڭ سۆز ماھارىتى، قوشاق توقۇش سەنئىتى ۋە سۆزگە ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇپ كىشىلەرگە كۈلكە پەيدا قىلىش ماھارىتىگە باغلىق. چۈنكى «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى ۋە قوشىقى ھەجۋىي ھەم قىزىقچىلىق خاراكتېرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېكىستتە بۈرگىنىڭ قىلىقلىرى كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغماس دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، سورۇن ئەھلىنىڭ بۇ نومۇردىن ھۇزۇرلىنىش كەيپىياتىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

بۇ نومۇرنى سورۇنغا ئېلىپ كىرىشتىكى شەرتلەر ئالدى بىلەن تاماشىبىنلار بولۇشى، تەڭكەش قىلىنىدىغان دۇتار، تەمبۇر، يەنى ئىسكىرىپكا ئورۇنداش تەلىپىگە ماس كېلىدىغان باشقا سازلارمۇ بولۇشى كېرەك. ھەممە ھازىرلىقلار پۇتۇپ ئورۇندىغۇچى ئوتتۇرىغا چۈشۈشكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تەق بولۇش بىلەن تەڭ مۇزىكىمۇ باشلىنىپ «جان بۇرگەم، جېنىم بۇرگەم» دېگەن باشلانما سۆز ئېيتىلىشى، ئاندىن كېيىنكى بىرىنچى مىسرانى نومۇر ئورۇندىغۇچى «بۇرگەم بۇرگەمدىن باتۇر» دەپ ئاھاڭغا سېلىپ ئۇسسۇل ھەرىكىتى بىلەن باشلىشى، سازەندىلەر سازلىرىنى تەڭكەش قىلىپ ئورۇندىغۇچىنىڭ باشلانما سۆزى ئاخىرلىششى بىلەن يەنە «جان بۇرگەم، جېنىم بۇرگەم» دېگەن بىر خىل ۋەزنى سازەندىلەر تەرىپىدىن تەكرار ئېيتىلىپ، ساز توختىماي چېلىنىدۇ. سازنىڭ رىتمى بىلەن تېكست مەزمۇنى ئورۇندىغۇچىنىڭ ھەرىكىتنى يېتەكلەيدۇ. ئورۇندىغۇچى سازنىڭ رىتىمىگە قاراپ سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ۋەزنىنى تەڭشەش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ ھەرىكەت رىتىمىدىن قارىغاندا چوڭ ياشتىكى ناخشا - ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئورۇندىشىغا ماس كېلىدۇ. چۈنكى ئورۇندىغۇچىدا ناخشا - قوشاق ئېيتىشقا ماس كېلىدىغان نەپەس ئۇسسۇل ۋە ھەرىكەتتە ھەم سالماق، ھەم چاققانلىق، ھەم يۇمۇرىستىك قول - پۇت ھەرىكەتلىرى بولۇشى كېرەك. سازەندىلەر ماسلىشىپ بەرسىلا كۇپايە. ئورۇندىغۇچىنىڭ كىيىنىشىدىمۇ ئېنىق تەلەپ بولۇپ ئورۇندىغۇچى بېشىغا جىيەكلىك، ئالدى يېرىق ئاق مالخاي، ئۆرە ياقىلىق كۆڭلەك كىيىشى، بېلىگە قارا پوتا باغلىشى، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىشى كېرەك، ئۇسسۇل تېكستىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن يەنە قوشۇمچە نەرسىلەر تەييار قىلىنسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ بىر ياكى بىر نەچچە كىشى مەيداندا تەڭ چۈشسىمۇ بولىدۇ.

جان بۇرگەم ئۇسسۇلىنىڭ پەددىسى ئۇسسۇل پەددىسىگە سېلىنىپ قىسقا ھەم جەددىي ئاھاڭغا سېلىنغاندا ئۇنىڭغا قول، پۇت، بەدەن ھەرىكەتلىرى ماسلاشتۇرۇلۇپ لەرزان، شوخ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئورۇندىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئۇسسۇللۇق ناخشا تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالالايدۇ. بۇ ئويۇندا ھەممە تەييارلىقلار تەق بولغاندىن كېيىن ساز تەڭكەش قىلغۇچىلارنىڭ «جان بۇرگەم، جېنىم بۇرگەم» دەپ پاۋۇزنى ئۇرۇشى بىلەن تەڭ ئورۇندىغۇچى سۆز ۋە ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. ئۇمەرجان ئاكىنىڭ ھازىر ئېيتىپ كېلىۋاتقان جان بۇرگەم ئۇسسۇلىنىڭ تېكستى جەمئىي 58 مىسرا بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكىچە:

باشلامچىسى: جان بۇرگەم، جېنىم بۇرگەم
بۇرگەم بۇرگەمدىن باتۇر،
ئاشۇ يوتقاندا ياتۇر.
يوتقاننى سوغا سالسام،
كۆزلەرى پارقىراپ ياتۇر.
بۇرگەمگە ئوقۇر سالدىم،
كەينىگە تىيەك سالدىم.
بۇرگەمگە نۇختا ئەستىم،
تارتىپ بۇرنىدىن تەشتىم.
بۇرگەممۇ بىدە يەيدۇ،
قانچەرەك دەپ سورىسىلچۇ،
70 مىڭ باغ بىدە يەيدۇ،
بۇرگەممۇ يەم يەيدۇ.
قانچەرەك دەپ سورىسىلچۇ،
80 مىڭ جىڭ يەم يەيدۇ،
بۇرگەممۇ سەمرىپ قاپتۇ.
بۇرگەمنى ساتماق بوپ قالدىم.
بازارغا تارتماق بوپ قالدىم،
بىر ۋاقتىدا قاراپ باقسام،
يېتىپ كەلدى بىر بىدىك.
بۇرگىنى سات ئاداش دەيدۇ،
خوپ ساتاي ئاداش دىدىم.
ئالتە تەڭگە ئۇ دىدى،
يەتتە تەڭگە مەن دىدىم.
بۇرگەمنى ساتماس بوپ قالدىم،
ئۆيدە سويماق بوپ قالدىم.
بىر نەچچە ئادەم چاقىرتىپ،
ئالتە ئادەمگە باستۇردۇم،
يەتتە ئادەمگە سويدۇردۇم.
ئالتە پاتمان گۆشى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
قىشتىن بىرى يەۋاتىمىز،
ھېلىمۇ بار تەڭ يامىسى.
بۇرگەمنىڭ گۆشىدە،

مانتۇ ئەتمەك بوپ قالدىم.
مانتۇنى تۈگۈپ قويدۇم،
قاسقانغا سېلىپ قويدۇم.
مانتۇمۇ پىشىپ قاپتۇ،
قاسقاندىن تېشىپ قاپتۇ.
بۇ مانتۇ ئەزىمەت مانتۇ،
بىرنى يېسىڭىز سۇ دېگۈدەك،
ئىككىنى يېسىڭىز ئۇھ دەيسىز.
بىر ۋاقتىدا قاراپ تۇرسام،
پايپاسلاپ يەڭگەم كەپتۇ.
مانتۇ پىشتىمۇ ئۇكام دەيدۇ،
خوپ پىشتى ھەدە دېدىم.
ئون مانتۇنى سېلىپ بەرسەم،
بەشنى ئاران يەپتۇ،
بەشى تەخسىدە قاپتۇ.
بىر چاغ قارىغۇدەك بولسام،
كۆزلەرى چەكچىيىپ قاپتۇ.
پۇتلىرى دارديىپ قاپتۇ.
بىر ۋاقتىدا قاراپ تۇرسام،
پايپاسلام ئاكام كەپتۇ.
ھەدەڭنى نېمە قىلدىڭ دەيدۇ،
مانتۇ يېدى ئاكا دېدىم.
بىرنى قويۇۋېدى مەشەگە،
دۇم چۈشتۈم ئەشەگە.

ئۆمەرجان ئاكا بۇ نومۇرنى تولىراق نەغمە ـ ناۋا بولۇۋاتقان سورۇننىڭ تازا قىزىغان، يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىلىدە ئورۇندايدۇ.

دېمەك، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدىن بىرى بولغان غۇلجا ناھىيەسىنىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى، جۇملىدىن ئاۋرال ئېتەكلىرى، قاش دەريا بويلىرى، بوربوسۇن، جىرغىلاڭ ساي ياقىلىرى، بۆلۆكەي غوللىرى ئەنە شۇنداق ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا ئانا سۈت بەرگەن زېمىنلار ئىدى. شۈبھىلىشقىمۇ بۇ جايلار ئىلى دىيارىدا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان مەيلى شائىر بولسۇن ياكى ئەلنەغمىچى ئوچۇن بولسۇن ئۇلارنىڭ كۆي، نەزمىلىرىنىڭ ئىلھام بۇلاقلىرىدىن بولۇپ كەلدى. ئۆمەرجان ئاكىنىڭ ئىلھاملىرى مانا مۇشۇ يەردە قايناپ ـ تېشىپ خەلقىمىز ئىجادىيەتلىرىدىن بولغان «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى ۋە ناخشىسىغا ۋارىسلىق قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى جەمئىيەتكە قايتا تونۇتۇپ، غۇلجا ناھىيەسىدە، بولۇپمۇ خەلقىمىز ئىچىدە «جان بۇرگەم» ئۇسسۇلى ۋە ناخشىسىنىڭ ھازىرقى «بىردىنبىر ئىجراچىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

---

① «بوربوسۇن» دېگەن بۇ نام غۇلجا ناھىيەسىنىڭ مازار يېزىسىنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ كېلىپ ئاق ئۆستەڭ باش تومسى يېنىدا قاش دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان بىر دەريانىڭ نامى بولۇپ، بۇ يەرلەر «بوربوسۇن غولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شۇنداقلا بوربوسۇن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان ئاۋرال ئېتەكلىرىدىكى مازار، تار، دۆڭمازار، ئۈچئون، قىشلاقتام، ھاسانيۇزى، توقاي، تۆگمەنبېشى، غوجاشيۇزى، ھىدىليۇزى قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتالغان كونا نامىدۇر. بۇ نام ھازىر بوربوسۇن دەرياسى بىلەن مازار يېزىسىنىڭ بوربوسۇن چارۋىچىلىق ئەترىتىنىڭ نامى ئورنىدا قوللىنىلىۋاتىدۇ.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد قانۇن مىللىي دىنىي ئىشلار كومىتېتىدا)


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2009 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىز تەقەززا بولۇۋاتقان تارىخ — نەسەبنامە

غالىب مۇھەممەد قارلۇق

نەسەبنامە قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا نەسەب (تېگى-تەكتى) تارىخىدۇر. ئۇ ئاساسەن ئائىلە ياكى جەمەت شەجەرىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ تارىخىي ئارخىپىدۇر. قومۇلدا نەسەبنامىنى جورۇڭقاي دەپ ئاتايدۇ، شۇنداقلا قارىماققا نەسەبنامە بىلەن فامىلە ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىككىسى بىر ئۇقۇم ئەمەس. ئىلىم كىتابلىرىدىن مەلۇمكى، نەسەبنامە دېگەن تارىخ، فامىلە شۇ تارىخنىڭ بەلگىسى ياكى ئىسمى. زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا، نەسەبنامە — مەزمۇن، فامىلە — شەكىلدۇر. مەزمۇن بىلەن شەكىل بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك نەسەبنامە بىلەن فامىلىمۇ ئۆزئارا ئالاقىدار كېلىدۇ. دوكتور ئەنۋەر سەمەد قورغان بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن فامىلەشۇناسلىق بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر فامىلەشۇناسلىقنىڭ

تەتقىقات ئوبيېكتى پۈتۈن فامىلىلەرنىڭ (كەم دېگەندىمۇ
بىر مىللەتنىڭ بارچە فامىلىلىرىنىڭ) كېلىپ چىقىشى ۋە تە-
رەققىيات تارىخى ھەمدە ئۆزگىرىشلىرى بولغان بولسا،
ئۇنداقتا نەسەبنامەشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىنىدىغان نەرسە
بولسا ‹بىر جەمەت (ئائىلە) ۋە بىر فامىلىنىڭ
تارىخى›دۇر»①.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتچىسى مۇتەللىپ
سىدىق قاھىرىمۇ شۇنداق دەپ يازىدۇ: «فامىلە —
ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىر جەمەت-
نىڭ نام بەلگىسى ياكى نەسەب نامى. ئۇ ۋارىسلىق قىلىش
- قىلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۆرپ- ئادەتتىكى بۇ خىل
ئالاھىدىلىك مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي پىسخىكىنى ئىز-
چىللاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ»②. «ئۇيغۇر ئىسىم- فا-
مىلىلىرى» دېگەن كىتابتا بولسا ئاپتور: «فامىلە نەسەب
بەلگىسىدۇر، ئۇنى ئالدىراپ- سالدىراپلا قويۇۋېلىشقا بول-
مايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن فامىلە قوللىنىش نىيىتىگە كەلگەن
بىر جەمەت ئىچىدىكى بىلىملىكرەك بىرى كۆپ ئويلىنى-
شى، ماتېرىيال كۆرۈشى، ئەتراپلىق كېڭىشىشى ۋە جەمە-
تىدىكىلەر بىلەن باش قوشۇپ بىرلىككە كېلىشى كېرەك
ئىدى، ئۇلار قوللىنىدىغان فامىلە چوقۇم ئەجداد روھىغا
چۆككەن، تارىخىلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان، خەلقىمىزنىڭ
روھىيەت پىسخىكىسىنى تېگى- تەكتىدىن نامايان قىلىپ بې-
رىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما كۆپلىرى بۇنداق
مەنبەگە ئىگە بولالمىدى»③ دەپ يازىدۇ. دېمەك، نە-
سەبنامە بىلەن فامىلە تارىخىي نۇقتىدىن ئىنتايىن باغلىنىش-
لىق، مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن زۆرۈرىيەتلىكتۇر. دۇنيادا
نام- نىشانسىز يارالمىش بولمىغىنىدەك، نەسەبنامىلەرنىڭمۇ
ئۆزىگە خاس بەلگىسى (فامىلىسى) بولۇشى كېرەك، بۇ
ئۆز نۆۋىتىدە نەسەبنامىلەرنى تارىخىي ئىزچىللىقتا، پەرقكە،
ئالاھىدىلىككە، سىستېمىلىققا ۋە تۈزۈش جەھەتتىكى قولاي-
لىققا ئىگە قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە ئىسىم بىلەن فامىلىنى
پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. «ھازىر بىزدە ئاتىنىڭ ئىسمى
فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، بۇ گەرچە يامان ئىش بول-
مىسىمۇ، لېكىن ئىككىنچى ئەۋلادتا ئۆزگىرىپ كېتىپ، بىر
جەمەتنىڭ تۇراقلىق نامى بولالمايۋاتىدۇ. مول مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت ئەزالىرى ئۈچۈن فامىلىسىز
كېتىۋېرىش كەلگۈسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەجدادىنى يىتتۈ-
رۈپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدۇ»④. تارىخىي يازما ۋە ئاغزا-
كى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا قەدىمكى ۋە ھازىرقى
ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار، تارىخىي جۇغراپىيەلىك ناملار،
قەدىمكى مەنسەپ، مەرتىۋە ناملىرى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى-
نىڭ ئۇرۇق- قەبىلە ناملىرى، ھۈنەر- كەسىپ ئاتالغۇلىرى،
ھايۋانات ۋە ئۇچار قانات ناملىرى، ئەشيا ۋە قورال-
جابدۇق ناملىرى، ئۇيغۇر تارىخىدىكى بەلگىلىك ۋە خان-
لىقلار ناملىرى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى سۈپەت سۆزلىرى
ۋە پېئىللار، ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتى ۋە خاراكتېر ئالا-
ھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، مېتال ۋە رەڭ ناملى-
رى، ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر... دې-
گەندەك فولكلورلۇق ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە سۆز-
ئاتالغۇلار فامىلە نامى قاتارىدا قوللىنىلغان. دېمەك، فامىلە
نەسەبنامىگە ھەقىقىي بىر كۈچ ۋە تۈس قوشالايدۇ، ھايا-
تىي كۈچىنى ئاشۇرالايدۇ، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتى-
نى يۈكسەلدۈرىدۇ. شۇڭا نەسەبنامە تۈرغۇزۇشتا ئاۋۋال
فامىلە مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىش ئاقىلانىلىكتۇر. مۇشۇ
نۇقتىدىن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇمۇشلۇقلى-
رى ئارىسىدا قوزغىلىۋاتقان فامىلىچىلىك تەتقىقاتى ۋە فامى-
لە ئىشلىتىش ھەرىكىتىنى ئالقىشلايمىز، بۇ ئېنىقكى ئومۇم-
لىششقا ۋە نەسەبنامە تۈزۈشكە كېڭىيدۇ ھەم تۈرتكە بو-
لىدۇ. ئائىلە ۋە جەمەت مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ بىر
سەمەرىسى بولمىش نەسەبنامە (شەجەرىلەر) تۇشمۇ تۇشتىن
بارلىققا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسىدىكى رولىنى مۆل-
چەرلەپ بولغىلى بولماس. مىللىي ئەنئەنە تەربىيەسى مۇ-
شۇنداق ئىنچىكە نۇقتىلارنىمۇ ئۆزەك قىلغان بولىدۇ، ئۆز
نۆۋىتىدە يۇقىرىقى بايانلاردىن نەسەبنامە، جۈملىدىن فامى-
لىچىلىكنىڭ يارقىن ئەھمىيىتى ئاشكارىدۇر.

تەرەققىيات ۋە يەر شارىلاشتۇرۇشنىڭ جەڭگىۋار سا-
دالىرىغا كۆمۈلگەن بۈگۈنكى ۋاقىتتا «بىز زادى نېمىلەرگە
ئېرىشتۇق، نېمىلەرنى يوقاتتۇق» دېگەن سوئالنىڭ جاۋا-
بى ئانچە خەيرلىك بولمىسا كېرەك. بىز ماددىي يۈكسە-
لىشتىن راھەتلەنگەن ۋاقتىمىزدا مەدەنىيەت، ئەنئەنە،
ئۆزلۈك جەھەتلەردىن مەلۇم نەرسىلىرىمىزنى يىتتۈرۈپ
قويۇۋاتقانلىقىمىزنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. ھازىر شەھەر-
لىشىش دولقۇنىدا ۋە بۇ دولقۇننىڭ يېزىلارغا قاراپ
شىددەت بىلەن كېڭىيىشى ئاستىدا ئائىلە مەدەنىيىتى زور
خىرىس ۋە بۇزۇلۇشلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئائىلىلەردە
ئەنئەنە تەربىيە ئاجىزلاپ، ئاتا- بالىلىق پەردىشەپ مەلۇم


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، مېھىر ـ مۇھەببەت سۇسلاپ كېتىۋاتى-
دۇ، ئوغۇللاردا ئوغۇل بالىغا خاس ئەركەكلىك ۋە مىجەز ـ
خاراكتېر، قىزلاردا قىز بالىغا خاس نازاكەت ۋە مىجەز ـ
خۇلق ئادەمنى سەگەكلەتكۈدەك دەرىجىدە كەمچىل بولماقتا.
بىز زادى نېمىگە تايىنىپ ئائىلە مەدەنىيىتىنى ساقلايمىز،
قوغداپ قالىمىز، ئىزچىللاشتۇرۇپ نۇرلاندۇرىمىز؟ ئەل-
ۋەتتە ھەل قىلغۇچ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ـــ نەسەبنا-
مىدۇر. چۈنكى نەسەبنامە بىر تارىخ، بىر كۆزنەك، كەلگۈ-
سىنىڭ ئۆزىمىزگە خاس يول خېتى. ئۇنىڭدىن ئەجداد-
مىزنى، شۇ ئەجدادىمىزدىن شاخلاپ چىققان يەنە نۇرغۇن
تەنچىلەرنى كۆرىمىز؛ ئىپتىخار ۋە نادامەت ئاھاڭلىرىنى
ئاڭلايمىز؛ ئەنئەنە، ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە جەمەت رو-
ھىنى ئاڭقىرىمىز؛ مىللىي كىملىك ۋە ئۆزلۈكىمىزنىڭ ئو-
مۇرتقىسىنى ياساپ چىقىمىز؛ مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ھېسسى-
يات رىشتىنى چىڭىتىمىز؛ ئىناق ۋە ساغلام ياشاش مېلودى-
يەسىنى ياڭرىتالايمىز... بۇ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ چاقىرى-
قى ھەم روھى ئۈچۈنمۇ نەقەدەر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە
ـ ھە!؟ «شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، مەرىپەتلىك جەمە-
ئىيەتتە مەرىپەتلىك مىللەتلەر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش،
ھەر بىر پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتە ئويغارلىقنى ئىپادىلەش،
شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي خاسلىقنى يوقىتىپ قويماسلىق،
ئەۋلادلارغا كۈچلۈك يىلتىز تۇيغۇسىنى ھەدىيە قىلىش
ئۈچۈن جەمەت نەسەبنامىسى يېزىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشتىن ياخشىراق چارە بولمىسا كېرەك. دېمەك، بۇ
نۆۋەتتە بىر زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.
ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ھەر بىر ئائىلىسىدە دېگۈ-
دەك شۇ ئائىلە ۋە شۇ ئائىلە تەۋە بولغان جەمەتنىڭ نە-
سەبنامىسى بار. ئۇ مىللەتلەر نەسەبنامىلىرىنى مىللەت تارى-
خىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تونۇيدۇ، ئەۋلادلارنى تەربى-
يەلەشتىكى ئېسىل دەرسلىك قىلىدۇ، ئېسىل نەسەبلىرى
بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، جەمەتداشلار ئارا
ئىتتىپاقلىقنى، ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى دەپ
قارايدۇ، نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان
ماتېرىيال سۈپىتىدە قەدىرلەپ داۋاملاشتۇرىدۇ»⑤. ئەل-
ۋەتتە، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ھازىرقى زامان مىللە-
تى» دېگەن ئۇقۇم «ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان مىللەت»
دېگەن مەنىنى بەرمىسە كېرەك.

مىللەت مەدەنىيىتى ئۆز تەركىبىدىكى سانسىزلىغان
ئائىلە مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇجەسسەمى بولغىنىدەك، ئائىلە
نەسەبنامىلىرىمۇ مىللەت نەسەبنامىلىرىنىڭ ئاساسىدۇر.
مۇنداقچە ئېيتقاندا مىللەتنىڭ تارىخىنى شۇ مىللىي تۈركۈمە-
گە تەۋە ئائىلىلەرنىڭ تارىخى ئارقىلىق يورۇتقىلى بولىدۇ.
چۈنكى، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ھۇجەيرىسى بولۇش سۈپىتى
بىلەن بىر مىللەت (ئەل)نى تەشكىل قىلىدىغان بىرلىك. ئا-
ئىلىدىن جەمەت، جەمەتتىن قەبىلە، قەبىلىدىن ئۇللەت، ئۇ-
لەتتىن ئەل تەدرىجىي شەكىللەنگەن. بىر مىللەت ئەزەلىرى
ئارىسىدا تونۇشلۇقى بولمىغان تەقدىردىمۇ ھېسسىيات،
تۇيغۇ، مىللىي خاراكتېر يېقىندىن تەبىئىي يېقىنلىق ھەم قىز-
غىنلىق بولغان بولىدۇ، بۇ خىل مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئاسا-
سى يەنىلا ئائىلە ۋە جەمەت خاراكتېرلىك مېھىر ـ مۇھەب-
بەت، چوڭ(كەڭ) ۋە تار (كىچىك) مەنىدىكى قېرىنداشلىق
تۇيغۇ يېتىلدۈرۈش شەك ـ شۈبھىسىزكى ئائىلە ۋە جەمەت
نەسەبنامىلىرى ئوقۇتۇشى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دې-
مەككى، نەسەبنامىلەر ئائىلە ۋە جەمەت خاراكتېرلىك رىشى-
تىنى مىللەت خاراكتېرلىك ئومۇمىيلىققا كۆتۈرىدىغان
بۈيۈك كۈچتۇر، شۇڭا نەسەبنامىنى ئەجدادلار قالدۇرۇشى
قەرز بولغان، ئەۋلادلار ئوقۇپ داۋاملاشتۇرۇشى پەرز
بولغان ئۆتمەس «روھ ئابىدىسى» دېيىمۇ سۈپەتلەشكە
بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نەسەبنامىلەر ئۇيۇشقاقلىقنىڭ ئې-
نېرگىيە مەنبەسىدۇر. سۈرۈشتە قىلىدىغان نەسەبنامىلەر
مانا مۇشۇنداق مىللىي روھ ئىزچىللىقنى كۆرسىتىپ،
ئۆلچەپ، بەلگىلەپ بېرىدىغان كۆزنەكتۇر، مىللىي كىملىك-
نىڭ نېگىزلىك مەزمۇنىدۇر، ئاساس خاراكتېرلىك ھۆججە-
تىدۇر.

ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىلىرى سۇسلى-
شىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى، نىكاھلىنىش ئىشلىرىدا
بىزدە ئىلگىرى تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بىر
ئادەت بار ئىدى، قارىماققا بۇنىڭدا مەرتىۋە نەسەب، تە-
بىقە، دەرىجە، ئىمتىيازنى سۈرۈشتە قىلىشتىن ئىبارەت فې-
ئوداللىق خاھىش ئاز ـ تولا مەۋجۇتتەك قىلسىمۇ، ئەمما
يەنىلا نىكاھقا (تويلىشىش) ئىنتايىن ئەستايىدىل، مەسئۇلى-
يەتلىك مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەۋلاد ساپلىقىنى قوغدايدىغان
ئۆزلۈك ئېڭى يەنىلا يارقىندۇر. نەسەبنامە مانا مۇشۇ جە-
ھەتتە بىز تايىنىدىغان ئالتۇن كۆرسەتكۈچتۇر. قانداقلا
بولمىسۇن، نەسەبنامىدىن ئىبارەت بۇ تەۋەررۈك ئابىدى-
نىڭ ئەھمىيىتى مەدەنىيەت قاتلىمىمىز ھەم ئىجتىمائىي



كشلك مۇناسۋەتلرىمزنىڭ بۇلۇك - پۇشقاقلرىغا قەدەر گەۋدىلكتۇر. بىزنىڭ چۈشەنچمزدە نەسەبنامە كۆچلۈك مللىيلىككە ئىگە بولدۇ. هازىر تەتقىقاتچىلار نەسەبنامە يېزىشتىكى ئۆلچەم - فامىلىلەر (تەگئات) هەققىدە ئۇنىڭ مللىيلىكنى كۆچلۈك تەكىتلەۋاتىدۇ. «بىز چوقۇم ئۇيغۇرچە فامىلە قوللىنىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇيغۇر فامىلچىلىك ئىشلرى بەكلا قالايمىقانلىشىپ، يەنىلا ئىسىم بىلەن فامىلىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر مەيدان زور قالايمىقانچىلىق چىقىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بىز ئۇيغۇرچە فامىلە قوللانغىنىمىزدىلا باشقىلار بىر ئاڭلىماققىلا بىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمىزنى پەرق قىلالايدۇ. ئەگەر بىز ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىسىملارنى فامىلە قىلىپ قوللانساق، نۇرغۇن ئىسلام ياكى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدىمۇ ئەرەب ياكى پارس ياكى ئوردۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىمىز. (ئىسىم جەھەتتىن)» دەيدۇ ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ. مېنىڭچە بۇنداق چاقىرىقلار نەسەبنامىچىلىك ئىشلىرىمىزغىمۇ ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە فامىلىنىڭ مللىيلىكى يەنىلا يازما ئاساس بولغان نەسەبنامىدىن كېلىدۇ ئەمەسمۇ!

دېمەك، فامىلە (تەگئات) ئىنقىلابىي دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى نەسەبنامىچىلىكمىزنىڭ قايتىدىن جانلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇسى، ئائىلىلىرىمىزدە نەسەبنامە بولسۇن، ئەۋلادلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭدىن نۇر ئېمىپ دىلى يورۇسۇن.

**ئىزاھلار:**


①مۇتەللىپ سدىق قاهىرى: «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 81 - بەت.

②ئەنۋەر سەمەد غەربىي: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 323 - ، 324 - بەتلەر.

③ ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت — بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 27 - بەت.

④ ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت — بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 29 - ، 30 - بەتلەر.

⑤ ۋەلى كېرىم كۆكئالىپ: «ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 9 - بەت.


(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 46 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتچىلىق

ئابدۇقەييۇم مىجىت


## مۇقەددىمە

ئىنسانلار دەسلەپكى مەزگىللەردە شۇغۇللانغان باغۋەنچىلىك شەكلىدىكى يېزا ئىگىلىكى «ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىكى» ياكى «يىرىك يېزا ئىگىلىكى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، نىسبەتەن ئاددىي قورال ۋە ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ئەتراپىدىكى باغباراڭلىرىغا لازىملىق زىرائەتلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. كۆكتات تېرىشمۇ ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىكى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلانغان ئىگىلىك ئادەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزاقتىن بۇيان باغۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىدىن كۆكتاتچىلىققا مۇۋاپىق ئورۇن بېرىپ، كۆكتاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا، نىسبەتەن بالدۇرراق مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ۋە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە قەدەم قويغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەلۋەتتە. گەرچە كۆكتات-ئوتياشلار قوشۇمچە يېمەكلىك بولسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئىستېمال ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىدە كۆپ ئېتىبارلىقتۇر. ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتنىڭ ئېتىزدا ئۆسۈۋاتقان ھالىتىنى «ئوتياش»، ئۈزۈلگەن، يىغىۋېلىنغان ھالىتىنى «كۆكتات»، كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرمىقى «كۆك»، قازانغا سېلىنغاندىكىسى بولسا «قورۇما» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس كۆكتات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان دېھقانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەر خىل كۆكتاتلارنى تېرىپ قويىدۇ. «كۆكتاتچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان كەڭ دېھقانلار، ئورمىدا بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىغا سەۋزە، پىياز، كۆك تۇرۇپ، چامغۇر، يېسىۋىلەك، كاللەكبەسەي قاتارلىق قىشلىق كۆكتاتلارنى تېرىيدۇ. بۇ خىل كۆكتات تېرىش ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئومۇملاشقان» ①. كۆكتات ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، كۆكتات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدىغان ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ بىرىدۇر.

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆكتات تۈرلىرى ۋە كۆكتاتچىلىق تارىخى

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتات ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزاق،
كۆكتاتلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك تەك-
شۈرۈشلەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بايقالغان
كۆكتات ئۇرۇقلىرىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە
ياۋا كۆكتات تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى بۇ پىكرىمىزنى قۇۋۋەت-
لەيدۇ. «بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەل-
لۇق نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان چامغۇر شىنجاڭدا بايقالغان
ئەڭ قەدىمي كۆكتات ئۇرۇقىسى بولسا كېرەك»②.
چامغۇر ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئىستېمال
قىلىپ كېلىۋاتقان كۆكتاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، تۇگۈن
غوللۇق كۆكتات تىپىگە تەۋە. ئادەتتە چامغۇر ئاق چامغۇر
ۋە قىزىل چامغۇر دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. «دۇنيا-
دىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر ۋە مەدە-
نىي ئۆسۈملۈكلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ھەرقانداق
مەدەنىي ئۆسۈملۈكنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولىدۇ.
بىرەر جايدا تېرىلىۋاتقان مەدەنىي ئۆسۈملۈك ياۋا تۈرد-
نىڭ بار-يوقلۇقى ئۇنىڭ كېلىپ چىققان ئورنىنى بېكىتىشتە
مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ» ③. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن بەزى ياۋا كۆكتات تۈرلىرى بايقالغان. مەسى-
لەن، ئىلى تەۋەسىدىكى تاغلاردا «... ئوزۇقلۇق مىقدا-
رى مول ئېسىل مېۋىلەر ساقلانغاندىن باشقا يەنە، ياۋا
كۆكتاتلاردىن ياۋا پىياز، ياۋا سامساق، ياۋا كۇدە... قا-
تارلىقلارمۇ» ④ ساقلانغان. دېمەك، بۇ ياۋا كۆكتات
تۈرلىرىنىڭ دىيارىمىزدا مەۋجۇتلۇقى بۇ كۆكتاتلارنىڭ
ئەسلي كېلىپ چىقىش ئورنىنىڭ مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىنى
دەلىللەشكە پاكىت بولالايدۇ.

بىز ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يازما يادىكارلىقلاردىن
ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىپ كەلگەن كۆكتات تۈرلىرى ۋە
كۆكتاتچىلىق تارىخى ھەققىدە كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى تاپا-
لايمىز. مەسىلەن، «تۇرپان ئاستانىدىن قېزىۋېلىنغان
: 9\6( a) ، 69TAM140 : 18\5 ، 67TAM364 : 10\2
: 04\5 ، 64TAM4 : 33 ، 64TAM4 : 42 ، 67TAM39
68TAM103 : 35 ، 73TAM506 نومۇرلۇق خەنزۇچە
ھۆججەتلەر كۆكتاتلىققا ئالاقىدار بولۇپ، مىلادىيە 622-
يىلى پۈتۈلگەن 69TAM140 : 18\5 نومۇرلۇق ھۆججەتتە
پىياز بىلەن كۇدە تىلغا ئېلىنغان» ⑤. ئۇنىڭدىن باشقا،
ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەن-
دە قىسقارتىپ «دىۋان» دەيمىز)دا ئەينى دەۋرلەردە ئەج-
دادلىرىمىز تېرىپ ئۆستۈرگەن ۋە ئىستېمال قىلغان
كۆكتات تۈرلىرىدىن بىر قانچىنى خاتىرىلىگەن. «دىۋان»
دا: «ئابا-ئابا باشى-تاغلاردا ئۆسىدىغان، تەرخەمەككە
ئوخشايدىغان، پىلىكىدە تىكىنى بار ئوت. تاغلىقلار ئۇنى
يەيدۇ» (1-117)؛ «ئوغلى - قەشقەردە تېرىلىدىغان
تاتلىق ئاق سەۋزە» (1-175)؛ «ئالۇچىن - يېگىلى بول-
دىغان بىر خىل بوغۇملۇق ئوت» (1-186)؛ «سىپۇت -
سۇۋۇت، يۇمغاقسۇت، قەشقەرچە» (1-462)؛ «سوغۇن -
پىياز. بۇ سۆز ‹سوغان› دەپمۇ ئېيتىلىدۇ» (1-532)؛
«تۇرما - تۇرما، تۇرۇپ. سارىغ تۇرما - سەۋزە.
ئارغۇلار سەۋزىنى ‹گىزرى› دەيدۇ، ئۇلار بۇ سۆزنى
پارسچىدە سەۋزە مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ‹گەزەر›
دېگەن سۆزدىن ئالغان ۋە بۇنىڭدا ‹ك› ھەرپى بىر ئاز
يۇمشىتىلغان» (1-562)؛ «پۈستۈلى - لويلا. يېگىلى بول-
دىغان بىر خىل كۆكتات» (1-588 )؛ «چامغۇر - بۇ
سۆزدە ‹م › ھەرپى بىلەن ‹غ› ھەرپىنىڭ ئورنى ئالماش-
قان» (1-597)؛ «تارماز - تەرخەمەك» (1-597)؛
«كۈرت كۈرت - كۈرت-كۈرت. ئات يەم يېگەندە چىق-
دىغان ئاۋاز... شۇنىڭدەك ئادەم تەرخەمەككە ئوخشاش
نەرسىلەرنى يېگەندە چىقىدىغان ئاۋازمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن
ئىپادىلىنىدۇ» (1-446)؛ «قارچ قۇرچ - گاچ-گاچ. ئەر
تۇرمۇزنى قارچ قۇرچ يېدى. ئادەم تەرخەمەكنى گاچ-
گاچ يېدى» (1-447)؛ «بۇتتۇگە - پىدىگەن ~ پەتىن-
گان» (1-583)؛ «بۇرچاق-پۇرچاق» (1-609)؛ «قوچ-
غۇندى- پىياز. چىگىلچە» (1 - 641)؛ «باسارلىغ - ‹باسار-
لىغ تاغ› - سامساقلىق تاغ، سامساق كۆپ بولغان تاغ
(1-641)؛ «پۇستۇلى - يېگىلى بولىدىغان بىر خىل
كۆكتات» (1-641)؛ «سوغۇنلۇق-سوغۇنلۇق تاغ، ياۋا
پىياز ئۆسىدىغان تاغ» (1-650)؛ «كۈۋۈركەن - تاغ پې-
يىزى. ئۇغۇزلار بۇنى ‹كۇمۇركەن› دەيدۇ» (1 - 678)؛
«سامۇرساق- سامساق» (1-683)؛ «ياش-ئوتياش،
كۆكتات. ياش ئوت - يېڭى ۋە ياش ئوت» (3-2)؛
«يۇمغاق تەنە - يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى» (3-58)؛ «تانا -
تاناكچە - دانەكچە. يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى. ئۈچ ۋە ئارغۇ
تىللىرىدا» (3-324)؛ «يىمرتغا- يۇمران. يىمرتغا ياش-
يۇمران ئوتياش، يەنى پالەك، سەيچېچەك قاتارلىق ھەر-
قانداق تومۇرسىز ئوتياش. تەرخەمەككە ئوخشاش ھەرقان-
داق چۈرۈك نەرسىگىمۇ ‹يۇمرتغا› دېيىلىدۇ» (3 - 589)...



قاتارلىق ئوتياش ــ كۆكتاتلارنىڭ نامى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا كۆكتاتلارنى توشۇيدىغان قورال-سايمانلار ھەققىدىمۇ ئۇچۇر بېرىلگەن. مەسىلەن، «كۈرىن-كۆشۈك. قوغۇن-تاۋۇز، تەرخەمەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرنى توشۇيدىغان كاجۇۋا» (1-525)، دەپ خاتىرىلەنگەن. «دىۋان» ۋە باشقا يازما يادىكارلىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتاتچىلىققا ئائىت بۇ باياناتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىزدا كۆكتاتچىلىق خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. تۇرپاندىن تېپىلغان تېببىي يادىكارلىقلاردا قارىمۇچ «پىتپىدى» ⑥ دەپ ئاتالغان. يەنە مۇھەممەدرېھىم سايىت، ئىسرائىل يۈسۈپ نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»دىكى (1-2) 30، (20-9) 111-(25-9) 116، (28-9) 119-نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە (215-، 371-، 375-، 376-بەتلەر) كۆكتاتلىق تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھۆججەتلەر بىزنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتاتچىلىق ئىگىلىكى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھۆججەتلەردە «كۆكتاتلىق» («قاۋلالىق») يەر دېگەن سۆزنىڭ تىلغا ئېلىنىشى شۇ دەۋرلەردىمۇ دېھقانچىلىقتا كۆكتات تېرىش ئۈچۈن مەخسۇس يەر ئاجرىتىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 43-جىلد، «يەرلەر مەھسۇلات، مۇسۇلمانلار يۇرتى، زىرائەت ۋە دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلىرى»دە غەربىي يۇرتتا تېرىلىدىغان زىرائەت تۈرلىرىدىن: «بۇغداي، شال، سۆك، تېرىق، قوناق، ئارپا، كۆك پۇرچاق، يېسى پۇرچاق، قىزىل ماش، يېشىل ماش، كەندىر، كېۋەز، تاۋۇز، قوغۇن، پېدىگەن، كاۋا، سەۋزە، تۇرۇپ-چامغۇر، كۈدە، پىياز، قىزىلمۇچ (پىشقىنى)، كۆكمۇچ (قىزارمىغىنى، خېمى)، قارىمۇچ، كەرەپشە (چىڭسەي)، ئاپتاپپەرەس، بېدە قاتارلىقلار»⑦ نىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈەن سۇلالىسى پادىشاھى يۈەن چىڭزۇڭ، يۈەن شۇندى زامانىدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ساراي داستانچىسى، ئوزۇقشۇناس ۋە ئوردا تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى قوسقۇي تەرىپىدىن يېزىلغان «شىپالىق تائاملار دەستۇرى» ناملىق ئەسەردە گۈلخەيرى، چامغۇر، ئاشكۆكى (يۇمغاقسۇت)، قىچا، غول پىياز، سامساق، كۈدە، تەكىيە كاۋا، تەرخەمەك، تۇرۇپ، سەۋزە، ياۋا بوز تىكەن، تەرخەمەك، سەي كاۋىسى، قاپاق، مور، يېكەن نوتىسى، پىچەكگۈل (تاغنىڭ تاتلىقياڭيۇسى، تارۇ)، ئوسۇك، يېسىۋىلەك، ئەركەك ئەمەن (قامغاق)، پېدىگەن، قىزىلبۇغداش (قىزىل بېجەش)، خەردەل، پالەك، كۆكتات قىزىلچىسى، يۇراقلىق كۆكتات، سېمىز ئوت، باش پىياز، ساچمور (چامغۇر)... قاتارلىق 50 خىلغا يېقىن كۆكتات ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. گەرچە ئوزۇقشۇناس ئالىم قوسقۇي خانبالىقتا ياشىغان ۋە ئۆزىنىڭ «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»دا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىدىغان كۆكتاتلار توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزى غەربىي يۇرت (ھازىرقى شىنجاڭلىق) ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىدىن بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۆز يۇرتىدا قانداق كۆكتاتلارنىڭ بارلىقىنى پىششىق بىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئەسىرىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئىچىملىكلىرى، ئۇيغۇر تائاملىرى ھەققىدە توختىلىشتىن سىرت، يەنە غەربىي يۇرتتا ئۆسىدىغان كۆكتات تۈرلىرى ھەققىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. مەسىلەن، ئاپتور ئەسەردە خۇيخۇي (回回 ـــ ئۇيغۇر) پۇرچىقى، خۇيخۇي پىيىزى، خۇيخۇي رۇدىسى، مەستىكى، زەپەلەرگە ئوخشاش خۇيخۇي زېمىنىدا چىقىدىغان كۆپلىگەن كۆكتاتلار ۋە يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلىگەن. يەنە مەسىلەن، قوسقۇي ئاشكۆكى (يۇمغاقسۇت)نى چۈشەندۈرۈۋېتىپ ئۇ «غۇز كۆكتات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ»⑧ دېسە، باش پىيازنى چۈشەندۈرگەندە «خۇيخۇي پىيىزى» ⑨ دەپ ئەسكەرتىدۇ. مەستىكنى چۈشەندۈرگەندە «مۇسۇلمانلار زېمىنىدا ئۆسىدىغان مەستىكنىڭ پۇرىقى ئېنتايىن ئېسىل»⑩ دەپ قوشۇپ قويىدۇ. قوسقۇي يەنە دورا ئېچىشتىكى تاماق پەرھىزلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «دورا ئىچكەندىن كېيىن ئاشكۆكى، سامساق، ھەر خىل خام

كۆكتات،... (قاتارلىق) نەرسىلەرنى كۆپ يېيىش ياخشى ئەمەس... ئاشكۆكى، سامساق، بېلىقلارنى بىللە يېمەسلىك كېرەك... ئاسارۇن بىلەن خام كۆكتاتلارنى بىللە يېمەسلىك كېرەك. يېشىلقا بىلەن خام سۇغپىياز ۋە خام كۆكتاتلارنى بىللە يېمەسلىك كېرەك»⑪ دېگەندەك. دورا ئىچكەندىن كېيىن، كۆكتات ئىستېمال قىلغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك پەرھىزلەرنى ئۇتتۇرىغا قويىدۇ. قوسقۇينىڭ بۇ كىتابى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆكتات تۇرلىرى، كۆكتاتچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ھەرقانداق بىر ئادەم ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ شۇ خەلقنىڭ تىلىدا ئىزناسى قالىدۇ، ھەر خىل ئېيتىملارنى شەكىللەندۇرۇپ، شۇ تىلنىڭ لۇغەت سۇستاۋىنى بېيىتىدۇ. جۈملىدىن، بىز ئۇيغۇر تىلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتاتچىلىق ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر-جاي ناملىرى، ماقال-تەمسىللەر ۋە باللار ئويۇنلىرى سۆزلەملىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن، كۆكتاتچىلىق ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر-جاي ناملىرىدىن سەي بازىرى (شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بازارلاردا ‹كۆكتات بازىرى› دەپ ئاتالغان بازارلار بەك كۆپ)، پىيازچى مەھەللىسى (مارالبېشى ناھىيەسىدە)، كۆكتاتچىلىق (باي ناھىيەسىدىكى بىر كەنت)... دېگەندەك ناملارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇيغۇر تىلىدا كۆكتات نامى تىلغا ئېلىنغان ماقال-تەمسىللەردىن «كۆچەت تىكسەڭ پۇتاپ تۇر، كۆكتات تېرىساڭ ئوتاپ (تۇر)»، «ئېشىكىدا ياش بولسا، ياشمەن دەۋەر»، «قورۇمسىغا قاراپ تاماق ئىچ، بويىغا قاراپ كىيىم پىچ»، «سەۋزىنى بېخىل ئاقلىسۇن، پىيازنى سېخىي (ئاقلىسۇن)»، «پولۇ قورۇشتىن ئوخشار، شورپا سورۇشتىن»، «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۆرۈچ دەم يەپتۇ»، «گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى بىكار»، «تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا يەتتە تاختا زەردەكنى بۇزار»، «غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى»، «سامساق - ئۇنى يېگەننىڭ تېنى ساق»، «قۇشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللىكامنىڭ ئوتىيىشى»... دېگەندەك ماقال-تەمسىللەر بار. بۇ تەمسىللەر ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ كۆكتات ئىستېمال ئادىتىنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال-تەمسىللەردىكى ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتاتچىلىق ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭگەن بولۇپ، ئادەتتە باللار ئويۇنلىرىدىمۇ بۇنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كىچىك باللار مېھماندارچىلىق ئويۇنى ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا چالما-كېسەكلەردىن ياسىۋالغان «قازان»لىرىغا كاۋا، تاللارنىڭ غازاڭلىرىنى «كۆكتات» قىلىپ سېلىپ «تاماق»لارنى ئېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ياز، كۈز پەسىللىرى سەۋزە، پىياز، چامغۇر قاتارلىق ئوتياشلار يىغىۋېلىنىدىغان مەزگىللەردە مەھەللىدىكى ئۆسمۈر قىزلار «چامغۇر يۇلۇش» ئويۇنى ئوينايدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆكتاتچىلىق ئىگىلىكى ئادەتلىرىنىڭ باللار ئويۇنلىرىدا ئەكس ئېتىشى، دورىلىشى بولۇپ، بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتاتچىلىق ئىگىلىكى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ دەلىللىرىنىڭ بىرى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، «ئۇيغۇرلار بۇرۇن ئاساسلىقى پېدىگەن، چامغۇر، پالەك، يۇمغاقسۇت، پىياز، سەۋزە، تۇرۇپ ۋە تەرخەمەك، كۇدە، سامساق، شوخلا (پەمدۇر)، كاۋا قاتارلىقلارنى ئۆستۈرۈپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە يېسىۋېلەك، قىزىلمۇچ، جاڭدۇ، كەرەپشە، كاپۇستا، ياڭيۇ قاتارلىق كۆكتاتلارنىمۇ ئۆستۈرۈپ ئىستېمال



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




قىلىدىغان بولغان. ئاق شورپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكلىرى كۆكتاتسىز بولمايدۇ، زىرە، ئارپا، بېدىيان، پىننە گەرچە كۆكتات تۈرىگە كىرمىسىمۇ ئۇيغۇرلار ئۇنى دورا-دەرمەك ئورنىدا ئۆستۈرىدۇ»⑫. ئادەتتە ئوخشاش بولمىغان كۆكتاتلارنىڭ يېمەكلىك قىلىنىدىغان قىسىملىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا، بەزىلىرىنىڭ غولى ئىستېمال قىلىنىدۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىۋاتقان كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىنىدىغان ئەزالىرى بويىچە تۈرگە ئايرىپ قارىغاندا يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

### كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ ساقلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆكتاتچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ھەر خىل كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يىغىپ ساقلاش ئادىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلقىمىز ئۇزاق مۇددەت كۆكتاتلارنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىستېمال قىلىش جەريانىدا كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ ساقلاشنىڭ كۆكتاتچىلىقنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، يىلمۇ يىل ئۇدا مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى ئىكەنلىكىنى بالدۇرلا تونۇپ يەتكەن. ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا قايسى كۆكتات ئۇرۇقىنىڭ قايسى ۋاقىتتا پىشىدىغانلىقى، ئۇنى قانداق جايدا ساقلاش، قانداق ۋاقىتتا تېرىش، يەرگە ئۇرۇق چاچقاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز يېرىنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ئاساسەن ھەر خىل تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن.

### كۆكتات پەرۋىشى

ئۇيغۇرلار كۆكتاتلارنى پەرۋىش قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئوتياش ئوخشايدۇ. شۇڭا ئوتياشلىقنى پەرۋىش قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. كۆكتاتلار يازلىق ۋە قىشلىق كۆكتات دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يەرلەر ھۆددە يەر ۋە كۆكتات يەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ھۆددە يەرلەرگە ئاشلىقدان، مايلىقدانلار تېرىلسا، كۆكتات يەرلەرگە كۆكتات، ئوتياشلار تېرىلىدۇ. ئادەتتە قوناقلىقلارنىڭ چۆنەك ئارىلىرىغا كۆكتاتلار ۋە ماش دېگەندەك نەرسىلەر تېرىلىدۇ. خامان ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سامانىنى توشۇۋېلىپ، خامانغا قىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن يېسىۋېلەك،



تۇرۇپ، چامغۇر، پىياز... قاتارلىق كۆكتاتلار تېرىلىدۇ. بەزى جايلاردا قوغۇن تېرىيدىغان يەرلەرگە ئېرىق تارتىپ بولغاندىن كېيىن «ئېرىقنىڭ ئالدىغا زەدەك (سەۋزە)نىڭ، تۇرۇپنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ توپا بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ. تاختىنىڭ ئىچىگە چامغۇر، كېۋەز تېرىيدۇ»⑬. ئادەتتە ئۇيغۇرلاردا كۆكتاتلارنى تېرىشتىن تارتىپ ئۇنى يىغىۋېلىشقىچە بولغان ئىش تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك يوسۇندا بولىدۇ.

(1) تەييارلىق قىلىش

ئالدى بىلەن كۆكتات تېرىماقچى بولغان يەر ئوسا قىلىنىدۇ. ئوسسى كېلىشكەندىن كېيىن، ئاغدۇرۇپ يەرنى بوشىتىپ تۈزلەپ ئۇرۇق چېچىشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ. «دىۋان»دا: «ئاتىزلاندى — ئېتىزلاندى. يېر ئاتىزلاندى — يەر ئېتىزلاندى (ئاتىزلانۇر - ئاتىزلانماق)» (1 - 384)؛ «ئاتىزلادى — ئېتىزلاشتۇردى. ئەر يېرىن ئاتىزلادى - ئادەم يېرىنى ئېتىزلاشتۇردى، يەنى چۆنەكلەپ، قىر تارتىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا لايىق قىلدى (ئاتىزلار - ئاتىزلاماق)» (1 - 396)؛ «قىرلادى — قىرلىدى، چۆنەك تارتتى. ئول يېرگە قىرلادى — ئۇ يەرگە چۆنەك تارتتى، يەنى قوغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تېرىش ئۈچۈن يەرگە چۆنەك تارتتى. ئېتىزغا قىر تارتىسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (قىرلار - قىرلاماق)» (3 - 408) دېيىلگەن. ئېتىز قىرلىنىپ چۆنەك تارتىلىدۇ. چۆنەك تارتىلسا، سۇغىرىشقا، زىرائەتنىڭ تېز ئۈنىشىگە پايدىسى بولىدۇ. «دىۋان»دىكى يۇقىرىقى بايان بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى «قىرى ئات چۆنەك بۇزماس» دېگەن تەمسىل تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا چۆنەك تارتىپ تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

(2) كۆكتات تېرىش

ئۇرۇقنى ياشقا چوڭراق بىرەرسى چېچىپ بېرىدۇ. كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقى بەك ئۇششاق بولغاچقا، ئۇرۇقنى قۇرۇق توپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چېچىلىدۇ. ئۇرۇق چاچقۇچى ئۇرۇقنى «بىسمىللا...» دەپ چاچىدۇ. ئۇرۇق چېچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىدىن دەسسەپ چىقىدۇ، ئۇ ئۇرۇقنىڭ تېزرەك بىخلىنىشىغا پايدىلىق.

(3) كۆكتاتلارنى قوروش

ئادەتتە كۆكتاتلار ئۈنۈشكە باشلىغان مەزگىللەردە توخۇ-ئۆردەكلەر قوما-ئېغىللارغا سولۇۋېتىلىدۇ. كۆكتاتلار ئۆسۈپ توشقان قۇلىقىدەك بولغاندا ئۇچار قۇشلارنىڭ كۆكتاتلارنى چوقلاپ يەپ كېتىشى، بۇزۇۋېتىشى ۋە يامان كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆكتاتلىقلارنىڭ بېشى ياكى ئوتتۇرىسىغا قارانچۇقلار قاداپ قويۇلىدۇ. تاياقتىن غولچىنى ئېچىپ تۇرغان ئادەمگە ئوخشاش قىلىپ، ئۇچىسىغا ئەسكى چاپان، كونا كىيىم-كېچەكلەرنى، بېشىغا كونا تەلپەك-تۇماق كىيدۈرۈپ ئادەمگە ئوخشىتىپ ياسالغان قارانچۇقلار يىراقتىن قارىماققا يەردىن ھېلىلا بىر داڭگالنى ئېلىپ ئاتىدىغاندەك ئەلپازدا كۆرۈنگەچكە ئۇچار قاناتلار ئۇ يەرگە چۈشۈپ دانلاشتىن قورقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەرگە چېچىلغان كۆكتات ئۇرۇقلىرى ئۈنۈپ بولغىچە قۇشلار يەپ كەتمەيدۇ. كۆكتاتلىقلارغا قارانچۇق تىكلەپ قويۇش ئادىتى «دىۋان»دىمۇ خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، «دىۋان»دا «ئال» سۆزى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: «ئاباقى ـ قارانچۇق. كۆز تەگمىسۇن دەپ باغ ۋە كۆكتاتلىقلارغا قاداپ قويۇلىدىغان قارانچۇق» (1-184)، «كۆسگۆك ـ قارانچۇق. كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆكتاتلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارغا ئېسىپ قويۇلىدىغان قارانچۇق. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئالىن ئارسلان تۇتار كۈچۈن كۆسگۆك تۇتماس-ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس» (2-422)؛ «ئال ـ ھىيلە. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ‹ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس› ھىيلە بىلەن ئارسلاننى تۇتقىلى بولىدۇ، كۈچ بىلەن كۆكتاتلىقتىكى قارانچۇقنىمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ. بۇ ماقال كۈچ يەتمىگەندە، ھىيلە-تەدبىر ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ» (1-111) دېيىلگەن. «دىۋان»دىكى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، قارانچۇقلار پەقەت كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرگە كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى ئۇچار-قاناتلاردىن قوروش ئۈچۈن تىكلەپ قويۇلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئادەت بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ يېزا-سەھرالاردا ساقلانغان. كىشىلەرنىڭ ياخشى ئوخشىغان كۆكتات، زىرائەت، مېۋە-چېۋىلەرگە قاراپ يامان كۆز بىلەن قارىشى، ھەسەت قىلىشى بىلەن ئۇلارغا ئاپەت تېگىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆسۈشى پېشكەللىك، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خۇراپىي جورۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق. كۆكتاتلارنى پارنىكتا تېرىش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ بۇنداق ئادەتلەر تەدرىجىي ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلەندى.

(4) كۆكتاتلارنى تاقلاش، ئوتاش، ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش

كۆكتاتلار بەك قېلىن ئۈنۈپ كەتسە ئوبدان ئاينىپ بولالمايدۇ. شۇڭا كۆكتات مايسىلىرىنىڭ ئارتۇق تۈپلىرى يۇلۇپ تاشلاپ شالاڭلىتىلىدۇ. بۇ «كۆكتات تاقلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆكتاتلارنى ئوتاش كۆكتات پەرۋىشىدىكى مۇھىم ئىشتۇر. كۆكتات ئارىسىغا ئۈنگەن تۈرلۈك ئوت-چۆپلەرنى قول ياكى ئوتىغۇچلار بىلەن ئوتاش، يۇلۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆكتاتنىڭ سۈيىنى تارتىۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. ئادەتتە كۆكتاتلار ئوغۇتلىنىشتىن بۇرۇن ئوتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار كۆكتاتلارنى ھايۋانلارنىڭ تېزەك، سۈيدۈكلىرى ۋە ئوت-چۆپلەرنىڭ چىرىشىدىن ھاسىل بولىدىغان قىغ، پىشەپ، ئوغۇتلار بىلەن



www.uyghurkitap.com



ئوغۇتلايدۇ. «دىۋان»دا: «قىغلاتتى ــ قىغلاتتى، تېزەكلەتتى. ئول يېرىگە قىغلاتتى ــ ئۇ يەرنى قىغلاتتى...» (2ـ509) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىقىدا يەرنى ئوغۇتلاش، قىغ سېلىش ئارقىلىق يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، يەرنى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق كۆكتات ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق شارائىتىغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇپ ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش ئادىتىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا سۇ باشلاپ سۇغىرىش شەكلى قوللىنىلىدىغان بولغاچقا، كۆكتاتلارمۇ سۇ باشلاپ سۇغىرىش شەكلى بىلەن قوللىنىلىدۇ.

## قىشتا كۆكتات ساقلاش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار قىشتا كۆكتاتلارنى سەي ئورىسى، گەمە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «گىرەم» دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە قازناقلاردا ساقلاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، كۆكتاتلاردىن ئاساسەن يېسىۋىلەك، تۇرۇپ، چامغۇر، پىياز، ياڭيۇ (خوتەن دىيالېكتىدا «مەككە چامغۇرى» دېيىلىدۇ)، سەۋزە... قاتارلىقلار كۆمۈپ ساقلىنىدۇ. سەۋزە، چامغۇر، تۇرۇپلار تېرىغان ئېتىزغا كۆمۈپمۇ ساقلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا: «ئورۇ ــ ئورا. بۇغداي، چامغۇر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن قېزىلغان ئورا» (1ـ119) دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 1000 يىللار بۇرۇنمۇ كۆكتاتلارنى ئورا كولاپ ساقلايدىغانلىقىنى ۋە شۇ ئارقىلىق قىشتىمۇ كۆكتات ئىستېمال قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. يېسىۋىلەكنى ئورىسىغا تىكلەپ قويۇپ، يىلتىزى تەرەپنى كۆمۈپ قويىدۇ. يۇمغاقسۇت، ئادراسمان... لارنى بولسا ئىشكىنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويۇپ قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ. مۇچنى (لازىنى) قۇرۇتۇپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئېسىپ قويۇپ ساقلايدۇ. دېھقانلار 10ـ ئايدىن باشلاپ 11ـ ئايغىچە كۆكتاتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ باشقا كۆكتاتلارنى گەمىدە ساقلايدۇ.

ئەسكەرتىش: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئېلىنغان نەقىللەر كۆپرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ نەقىللەرنىڭ توم ۋە بەت سانى شۇ نەقىلنىڭ كەينىگىلا بېرىلدى. نەقىللەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980ـ يىل 8ـ ئايدا نەشر قىلغان بىرىنچى نەشرىدىن ئېلىندى.

ئىزاھلار:

① ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996ـ يىل 8ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 6ـ بەت.

② مۇھەممەد ئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئاشلىق، ياغلىقدان پىششىقلاش قول ھۈنەرلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1997ـ يىل 2ـ سان، 76ـ، 77ـ بەتلەر.

③، ⑯ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007ـ يىل 5ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 21ـ، 30ـ بەتلەر.

④ ئابدۇقەييۇم خوجا: «دىيارىمىزدىن تېپىلغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2009ـ يىل 5ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 5ـ، 6ـ بەتلەر.

⑤، ⑰ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006ـ يىل 6ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 137ـ، 138ـ، 136ـ، 137ـ بەتلەر.

⑥ ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989ـ يىل 10ـ ئاي، بىرىنچى نەشرى، 125ـ بەت.

⑦ ۋېي لياڭتاۋ (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى): «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999ـ يىل 1ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 277ـ بەتتىكى نەقىلدىن.

⑧، ⑨، ⑩، ⑪ قوسقۇي (ياپونچىدىن مەرىيەم ساقىم تەرجىمىسى): «شىپالىق تائاملار دەستۇرى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2006ـ يىل 11ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 218ـ، 229ـ، 240ـ، 133ـ، 134ـ بەتلەر.


⑫ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـ يىل 4ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 95ـ بەت.

⑬ [شۋېتسىيە] گۇننار ياررىڭ (مەتتىمىن يۈسۈپ، بارىجان زەپەر) نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997ـ يىل 12ـ ئاي بىرىنچى نەشرى، 226ـ بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

باش تۈزگۈچى جاڭ بىچۈەن (مۇھەممەد بارات، مەترozى مەتسېيىت، ئەبەي ئىسمائىل، مۇھەممەد ئاۋۇت تەرجىمىسى): «مېۋىلىك دەرەخ ۋە كۆكتات ئۆستۈرۈش ئىلمى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2000ـ يىل 4ـ ئاي بىرىنچى نەشرى.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)



# مانىرھېيمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى

**مانىرھېيم** (فىنلاندىيە)

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار : **ماداجېڭ، ۋاڭ جياجى، شۈڭ جيەنيڭ**

**(ئاسىيادىن ئاتلىق ھالقىپ ئۆتكۈچى يازغان راست ئىشلار خاتىرىسى)**

فىنلاندىيە مارشالى مانىرھېيم (جۇڭگوچە ئىسمى ماداخەن) 1947 ـ ستوكھولمدا ئاشقازان يارىسىنى ئالدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن سالامەتلىك ئەھۋالىدا بىر ئاز ياخشىلىنىش بولدى. شۇ مەزگىلدە يېشى 80 لەرگە بېرىپ قالغان مانىرھېيم ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدىكى ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ «ئەسلىمىلەر» يېزىپ چىقىش ئىرادىسىگە كەلدى. ئۇ شىۋېتسارىيەنىڭ مۇنتىرۇس شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان بىر ساناتورىيەگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن سەپدىشى خەندرۇكېس ۋە ھەربىي ئىشلار تارىخچىسى ۋېلىيامىن قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە تۆت يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1951 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «ئەسلىمىلەر» ناملىق كىتابىنى ئاساسىي جەھەتتىن يېزىپ تاماملىدى، بۇ چاغدا مانىرھېيمنىڭ ئاشقازان يارىسى كېسىلى قايتىدىن قوزغالدى. 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مانىرھېيم ئوپېراتسىيە قىلدۇردى. 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مانىرھېيم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. مانىرھېيمنىڭ «ئەسلىمىلەر» دېگەن كىتابى 1951 ـ يىلى فىنلاندىيەدە نەشر قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





مانىرھېم 1867 ـ يىلى چار پادىشاھلىقىنىڭ بېقىندى دۆلىتى بۈيۈك فىنلاندىيە كىنەزلىكىدە شىۋېتسىيە پۇشتىدىن بولغان بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. چاررۇسىيەنىڭ مەشھۇر پادىشاھلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ سانكىت ـ پېتېربۇرگتىكى چار پادىشاھى ئوردىسىدا گۋاردىيىست ھەم شاھانە ئات باققۇچى ئەمەلدار قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان. 1905 ـ يىلى مانىرھېم پادىشاھلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر گۋاردىيەسى پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكلىق سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا بېرىپ، رۇس ـ ياپون ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي چاررۇسىيە ئارمىيەسى باش ئىشتابىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن جۇڭگوغا كېلىپ، 1906 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا ھەربىي ئىشلار تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان. 1908 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇ خاربىندىن پويىز بىلەن يولغا چىقىپ، سىبىرىيە تۆمۈريولىنى بويلاپ مېڭىپ، ئاخىر پېتېربۇرگقا قايتىپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي چار پادىشاھى نىكولاي ئىككىنچىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇشەررەپ بولغان، ئەسلىدىكى 20 مىنۇت ۋاقىتقا بېكىتىلگەن بۇ قېتىمقى قوبۇل مانىرھېمنىڭ جۇڭگو سەپىرى دوكلاتىنىڭ «كىشىنى ئاجايىپ جەلپ قىلىدىغانلىقى» سەۋەبلىك بىر سائەتكە سوزۇلغان، بۇ خىل «ئالاھىدە ئىلتىپات» مانىرھېمنىڭ كېيىنكى ئۆسۈشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن.

1941 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. مانىرھېم پولشا ۋە رۇمىنىيە زېمىنىدا ئەسكەرلىرىنى يېتەكلەپ، نېمىس قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى ۋە پادىشاھلىق ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك كوماندىرلىقىدىن دەرىجە ئاتلىتىپ ئۆستۈرۈلۈپ، رۇسىيە گۇرۇپپىۋوي ئارمىيەسىنىڭ گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانلىق قوماندانى بولۇپ قالدى. 1917 ـ يىلى رۇسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىدى. مانىرھېم چاررۇسىيە ئارمىيەسى ئوفىتسېرلىق سالاھىيىتى بىلەن فىنلاندىيەگە قايتىپ كېلىپ، ئاقلار ئارمىيەسىنى يېتەكلەپ، فىنلاندىيەدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ قىزىل ئارمىيەنى مەغلۇپ قىلدى ھەم فىنلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ نايىپ ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. فىنلاندىيە شىمالىي ياۋروپادىكى بىر كىچىك دۆلەت بولۇپ، تارىختىن بېرى رۇسىيە، شىۋېتسارىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۈچ كۆرسىتىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇشىدىكى مۇھىم بىر جاي بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بېقىندى دۆلەتلىك ئورنىغا چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ نەچچە يۈز يىل بولغانىدى. بۇ دۆلەت ئىچكى يېغىلىق، شوتلاندىيە ـ فىنلاندىيە ئۇرۇشى ھەم 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەتلەر قاتارىدا ئۇرۇش تۆلىمى تۆلەش ھەم مەملىكەت زېمىنىنى بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىشتەك خورلۇقلارغا ئۇچرىغانىدى، لېكىن ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. مانىرھېم سىياسىي جەھەتتە سوۋېتكە، سوۋېت كومپارتىيەسىگە قارشى بىر ئادەم بولسىمۇ، ئەمما يۈكسەك مىللەتپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئىدى. فىنلاندىيە ھەر قېتىم جىددىي بۇرۇلۇش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن خېيىم ـ خەتەرگە يۈزلىنىپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ فىنلاندىيەنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، خەلقنى تىنچ مۇستەقىللىق يولىغا باشلىدى، شۇ سەۋەبلىك دۆلەت ئۇنىڭغا فىنلاندىيە مارشالى دېگەن ئەڭ ئالىي ھەربىي ئۇنۋاننى بەردى. فىنلاندىيە پارلامېنتى 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 77 ياشقا كىرگەن مويسىپىت مانىرھېمنى بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلىدى. 1946 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى مانىرھېم كېسەللىك سەۋەبى بىلەن جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. مانىرھېمنىڭ پۈتكۈل ھاياتى بىر سىياسىيون ۋە ھەربىي ئالىمنىڭ ھاياتى. «مانىرھېم ئەسلىمىلىرى» ناملىق كىتاب يالغۇز ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقىي بايانىنامىسى بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى فىنلاندىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭمۇ بايانىنامىسىدۇر، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا فىنلاندىيە ـ

نىڭ 1917 - يىلىدىن تارتىپ باشلانغان مۇستەقىللىق كۇرەشلىرى، مۇستەقىللىقنى قوغداش يولىدا دۇچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

مانىرھېيمنىڭ 1906 - يىلىدىن 1908 - يىلىغىچە بولغان جۇڭگو سەپىرى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم بىر سەھىپە بولۇپ، ئاشۇ قېتىملىق سەپىرى بىلەن ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا تەكشۈرۈشتە بولغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. مانىرھېيم يازغان «ئەسلىمىلەر» ناملىق كىتابنىڭ «ئاسىيادىن ئاتلىق ھالقىپ ئۆتۈش سەپىرى» ماۋزۇلۇق قىسمىنى شۇ قېتىملىق چارلاپ تەكشۈرۈشنىڭ جانلىق بايانى دېيىشكە بولىدۇ.

1906 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مانىرھېيم ئېركەشتام ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتكەن. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەردە بۇ تەلەيلىك چەت ئەللىك ئاساسىيىي ھالدا رىۋايەت تۇسىغا ئىگە «ماداخەن» دېگەن جۇڭگوچە ئىسىم بىلەن ئاتىلىش شەرىپىگە نائىل بولغان. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق: مانىرھېيم قەشقەردە جۇڭگو دائىرىلىرىدىن يول يۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ئۈچۈن تۇيۇتۇغرا بىر ئاي كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ىراق شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن بۇ ھەقتىكى تەستىق ياكى بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئىجازەتنامە بېجىرىپ بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ تۇرۇشتەك ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى باش ئەلچى كىروكلۇپ مانىرھېيمنى قەشقەر دوتىيى يۈەن خۇڭياۋغا ئىلتىماسنامە سۇنۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. يۈەن دوتەي ئىلتىماسقا قوشۇلۇپ، ساياھەت پاسپورتىغا ئىمزا قويغاندا، شۇ چاغدا مانىرھېيم نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ چەت ئەللىككە جۇڭگوچە «ماداخەن» دېگەن ئىسىمنى قويۇپ قويىدۇ. «مانىرھېيم» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ بېشىدىكى ئىككى ھەرپ جۇڭگولۇقلار قوللىنىۋاتقان ئىسىملاردىكى «ما» فامىلىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. نۇرغۇن خۇيزۇ گېنېراللارنىڭ فامىلىسمۇ «ما» ئىدى. بۇ چەت ئەللىكنى قانداق ئىسىم - فامىلە بىلەن ئاتاش توغرۇلۇق بىر پەس خىيال سۈرۈپ سۈكۈتتە تۇرۇپ قالغان يۈەن دوتەي بىر ھازادىن كېيىن قولىغا موي قەلەمنى ئالىدۇ - دە، بىر ئىلماپلا چىرايلىق قىلىپ «ما» دېگەن خەتنى يازىدۇ، ئارقىدىنلا «داخەن» دېگەن ئىككى خەتنىمۇ ئىجازەتنامە بېتىگە چۈشۈرىدۇ. بۇ ئۈچ خەت مانىرھېيمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «دۇلدۇل بىلەن كۆككە ئۆرلەپ، ئەرشئەلاغا چىقماق» دېگەندەك بىر مەنىنىمۇ بېرەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ «ماداخەن» دېگەن بۇ ئىسىم «مانىرھېيم»، «ماننالىم» دېگەن ئاھاڭداش ئىسىملارنىڭ ئورنىنى ئىگەلەيدۇ، ماداخەن نامى بىلەن ئاتالغان بۇ چەت ئەللىكمۇ ئۆزىگە قويۇلغان ئاشۇ جۇڭگوچە ئىسىمنى ئىنتايىن ياقتۇرۇپ قالىدۇ، بۇ نام بىلەن ئىسىم كارتىسى ياساتىدۇ.

شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولۇش مانىرھېيمنىڭ جۇڭگو سەپىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، ئۇنىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتى دەل قەشقەردىن باشلانغان، مانىرھېيم جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە قەشقەر، زەرەپشان (بۆگۈنكى يەكەن)، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى تەكشۈردى، مۇزارت داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تېكەس جىلغىسىغا كىرىپ، ئىلى رايونىدا تەكشۈرۈشتە بولدى، يەنە بىر قېتىم تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باينبۇلاق يايلىقىغا كىرىپ، تۇرغاۋۇت قەبىلىسى تەۋەسىدە زىيارەتتە بولدى. قاراشەھەر (بۆگۈنكى يەنجى) دىن يولغا چىقىپ، يەنە بىر قېتىم تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتتى. 1907 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئارقىدىنلا چىتەي، بارىكۆل، قومۇل قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولغاندىن كېيىن خېشى كارىدورىغا كىرىپ، قەدىمىي يىپەك يولىنى بويلىغىنىچە غەربىي شىمالدىكى نۇرغۇن بازارلارنى كېزىپ لەنجۇغا كېلىپ چۈشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارقىدىنلا شەنشى، خېنەن، خېبېي ئۆلكىلىرىدىن ئۆتۈپ، 1908 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بېيجىڭغا كەلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرى ئۈچۈن ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 14 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپ يول باستى.

مانىرھېيم شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا زىممىسىدىكى «ئالاھىدە ھەربىي ۋەزىپە»سىنى باشتىن ـ ئاخىر ئېسىدە چىڭ تۇتتى. بىرىنچى، شىمالىي جۇڭگو ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان رايونلارنى تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى يىغۋالدى؛ ئىككىنچى، ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدىن چىقىپ، شىنجاڭ ھەم غەربىي شىمال چېگراسىدىكى ئادەم شالاڭ رايونلار ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئىگىلەپ، چار پادىشاھنىڭ جۇڭگوغا يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا تاجاۋۇز قىلىشىغا ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈپ بەردى؛ ئۈچىنچى، «مەركىزىي ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ بېكىتلىگەن يېڭى سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن خىلمۇخىل خىرىس، ئەندىشىلىرى» توغرۇلۇق ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولدى، شۇنداقلا «مەركىزىي ھۆكۈمەت يېڭى سىياسىي تەدبىرلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى چەت، يىراق چېگرا ئۆلكىلەرگە قايسى دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نۆۋەتتە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتقانلىقى»غا دائىر تەپسىلاتلارنى ئىگىلىدى. مانىرھېيم مانا مۇشۇ نىيەتتە جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغىچە باردى، تەڭرىتاغدىن ئالتە قېتىم ھالقىپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا تاللاپ ماڭغان سەپەر لىنىيەسى دېگۈدەك ئەنئەنىۋى «يىپەك يولى» لىنىيەسىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى، ئۇ تاغ، چوققىلارنى ھالقىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە ئۆز ئىختىيارىچە دەريا ـ ئېقىنلارنىمۇ تەكشۈردى، ئادەملەر ئەڭ شالاڭ جايلارنىمۇ كېزىپ ئۆتتى. مانىرھېيم سەپەر جەريانىدا بارغانلىكى يېرىدە شۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنى ئۆلچەپ، خەرىتىسىنى سىزىپ، ھاۋارايىغا دائىر نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى تۇرغۇزدى، كۆۋرۈك ھەم ھەربىي ئەسلىھە قاتارلىقلارنى قالدۇرماي سۈرەتكە تارتىۋالدى؛ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا قاراشلىق خەتەرلىك ئۆتكەل، مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلار بىلەن ھەربىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بازارلارنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، يەر شەكلى خەرىتىلىرىنى



سىزىپ چىقتى. مانىرھېيم قايسى يەرگە قەدەم باسسا شۇ يەردىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كەڭ دائىرىدە تونۇشۇپ، ئۇلاردىن ھەربىي ئىشلار، ئىقتىسادىي ئەھۋال، خەلق ئىشلىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى. مانىرھېيم يەنە تېخى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى، كەيپىياتى قاتارلىقلارغىمۇ يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، مىللىي قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن ئاقساقاللىرىنى ئالاھىدە زىيارەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە رېئال ھالىتى بىلەن تونۇشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مانىرھېيم يەنە ئىلمىي تەكشۈرۈشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇدۇن شەھىرى خارابىلىكى بىلەن تۇرپان قاتارلىق يەرلەردە قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى جەريانىدا قەدىمكى دىنىي ئەسەرلەر قوليازمىلىرى، ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى، تۈرلۈك ئابىدە قاتارلىقلارنى يىغۋالدى. خېشى كارىدورى ئەتراپىدىكى شىمالىي چىلەنشەن ئېتىكىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان سېرىق ئۇيغۇرلار (يۇگۇ مىللىتى) يۇرتىدا ئىجتىمائىيشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىققا دائىر تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بېيجىڭغا سەپەر قىلىش داۋامىدا ئۇ ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ ۋۇتەيشەنگە بېرىپ، دالاي لاما 13 ـ نى زىيارەت قىلدى. شۇ چاغدا ئەنگلىيە شىزاڭغا قوراللىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بولغاچقا، دالاي لاما ۋۇتەيشەندە پاناھلىنىۋاتاتتى. مانىرھېيم چار پادىشاھسىغا ۋاكالەتەن دالاي لاما 13 ـ نىڭ ھازىرقى شارائىتىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ھەم ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دالاي لامامۇ مانىرھېيمغا ئاق خادا تاپشۇرۇپ، بۇنى چار

2010.6

پادىشاھقا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى.
«مانىرھېيم ئەسلىمىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ «ئاسىيا
قۇرۇقلۇقىدىن ئاتلىق ھالقىپ ئۆتۈش سەپىرى خاتىرى-
سى» قىسمىدا ئۇ شۇ قېتىمقى جۇڭگو سەپىرى ھەققىدە
ئىخچام، ئېنىق، جانلىق مەلۇماتلارنى قالدۇرغان بولۇپ،
كۆچلۈك ئوقۇشچانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، كىتابخان بۇ
قىسمنى ئوقۇش ئارقىلىق مانىرھېيمنىڭ 1906 - يىلىدىن
1908 - يىلىغىچە بولغان ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا
جۇڭگوغا قىلغان سەپەر، ساياھىتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىغا
ئىچكىرىلەپ كىرەلەيدۇ. يۇقىرىدىكى «تەكشۈرۈش دوك-
لاتى» بىلەن مانىرھېيمنىڭ جۇڭگو سەپىرى ھەققىدە
يازغان «ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى ھالقىپ ئۆتۈش — كاسپى
دېڭىزى بويىدىن بېيجىڭغا قەدەر قىلىنغان سەپەر، سايا-
ھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرى ئاز ئۇچرايدىغان تارى-
خىي ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادا ساقلىنىپ
كەلمەكتە.
بىز مانىرھېيمنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈ-
رۈشلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئەسلىمىلىرى ئىچىدى-
كى ئىككىنچى بۆلۈمنى «ئاسىيادىن ئاتلىق ھالقىپ ئۆتۈش —
فىنلاندىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ
بارغان تەكشۈرۈشلىرى» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىپ
ئىشلەپ، ئۇنىڭغا مانىرھېيم شۇ مەزگىلدە تارتقان مۇناس-
ۋەتلىك سۈرەتلەرنى قوشۇپ رەسمىي نەشر قىلدۇق. كى-
تابخانلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

**جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىش**



خورسىنكىدا مەجبۇرىي تۇرۇپ قالغىنىمغا ئانچە
ئۇزاق بولمىغان چاغدا روسىيە باش ئىشتابىنىڭ دەرھال
سانكىت پېتېربۇرگقا قايتىشىم توغرۇلۇق چۈشۈرگەن بۇي-
رۇقىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ يەرگە بارغاندا گېنېرال پالىې-
سىن ماڭا ئۆزۈممۇ ئويلاپ باقمىغان بىر ۋەزىپىنى، يەنى
ئاسىيادىن ئاتلىق ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو پايتەختىگىچە
بولغان جايلارغا بېرىشىم لازىملىقىنى ئورۇنلاشتۇردى.
پۈتۈن سەپەر جەريانى ئۇچۇن سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىت
ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ، ئىككى يىلغا سوزۇلاتتى. سەپەر
داۋامىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىلى
رايونىغا بېرىشىمغا، ئاندىن كېيىن چۆللۈك، قۇملۇقلاردىن
ئېشىپ گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، سەنشى قاتارلىق ئۆلكى-
لەرنى ئايلىنىپ بېيجىڭغا كېلىشىمگە توغرا كېلەتتى.
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ رۇسىيە
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا ئىزچىل قىزىقىپ كەلدى. بۇ
ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپادا ئۇچرىغان دىپلوماتىيە جە-
ھەتتىكى زەربىلىرىنىڭ ئورنىنى شەرق تەرەپتىن تولدۇرۇ-
ۋېلىش غەرىزىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۇرەتتى.
80 - يىللاردا بېرلىن يىغىنىدىن كېيىن قوشۇن تارتىپ ئىچ-
كىرىلەپ كىرىپ ئەڭ ئاخىرىدا تاشقى كاسپى دېڭىزى تە-
ۋەلىكىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ ئەھۋال ئەنگلىيەنىڭ بۇ رايوندا
ياۋروپا بىلەن بىر قاتاردا چاررۇسىيەنىڭ رەقىبىگە ئايلىنى-
شىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھىندىستانغا قاراپ ئىل-
گىرىلىشىنى چەكلەپ قويدى. ئىراق ئافغانىستان بىلەن تۇ-
تىشىدىغان چېگرالارنىڭ ھەممىسى چاررۇسىيەنىڭ تەلىپى
بويىچە بېكىتىلدى؛ 1883 - يىلى چار رۇسىيە ئەنگلىيەنىڭ
توسقۇنلۇقلىرىنى يىمىرىپ دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتال-
غان پامىر ئېگىزلىكىنى ئىگىلىۋالدى، ھازىر پەقەت ئۇزۇنى-
سىغا سوزۇلغان ئافغانىستان تېررىتورىيىسىلا چاررۇسىيە
بېسىۋالغان كەشمىرنى ئايرىپ تۇرىدۇ.
چاررۇسىيەنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرىغا قارىتا
كېڭەيمىچىلىك قىلماقچى بولغانلىقى ئەنگلىيەنىڭ قارشىلىقى-
غا ئۇچرىدى. 1900 - يىلى شىزاڭ ئاقساقلى دالاي لاما
جۇڭگو بىلەن ئىمزالىغان 200 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە تە-
ۋەلىك مۇناسىۋەت شەرتنامىسىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جا-
كارلاپ، چاررۇسىيە بىلەن يېڭىچە مۇناسىۋەت شەرتنامى-
سى ئىمزالىدى. ئۇ لاما دىنى تەسىر دائىرىسىدىكى
پۈتكۈل رايونلارنىڭ، يەنى موڭغۇلىيەنى ئۆز ئىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئالغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە چاررۇسىيەنى ئوبدان مەنپە-
ئەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلدى، چاررۇس-
يە بۇرۇندىلا بۇ جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈ-
زۈش خىيالىدا بولۇۋاتاتتى. چاررۇسىيە 1865 ـ يىلى بىرىن-
چى قېتىم مۇشۇ قارا نىيىتى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت
قوللىنىپ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغان شىنجاڭغا قارا
قولىنى سۇندى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئىلى رايونى بىلەن
ئۇنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھرىنى 12 يىل ئىشغال قىلىۋال-
دى. ئەنگلىيە شىزاڭنىڭ رۇسىيىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى رۇ-
سىيەنىڭ ھىندىستانغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان-
لىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگ-
لىيەنىڭ بىر تارماق ئارمىيەسى 1904 ـ يىلى 8 ـ ئايدا رۇس-
يە بىلەن ياپونىيەنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىق پۇرسىتىدىن
پايدىلىنىپ لاساغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى. دالاي لاما لا-
سادىن قېچىپ چىقىپ، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى لاما دى-
نىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئارىسىغا بېرىپ پاناھلان-
دى. بۇ ئىش رۇسلارنى مانجۇرىيەدە ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچراتتى، ئەنگلىيەلىكلەر رۇسلارنىڭ ھىندىستانغا سىڭىپ
كىرىۋېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئەنگلىيە بوت-
سىماس پوتونامىسى ئىمزالاشتىن بۇرۇن ياپونىيە بىلەن
1902 ـ يىلى ئىمزالىغان ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسىنى ئون
يىلغا ئۇزارتىشنى كېلىشىۋالغانىدى. ئىتتىپاقداشلىق شەرتنا-
مىسىدە «مۇبادا رۇسىيە ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ
كىرسە، ياپونىيەنىڭ ھىندىستاننىڭ مۇداپىئەلىنىش، قوغدى-
نىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگى-
لەنگەنىدى. رۇسىيەنىڭ ئاسىياغا، بولۇپمۇ جۇڭگودىن ئى-
بارەت بۇ قوشنا دۆلەتكە بولغان قىزىقىشى ياپونىيە بىلەن
قىلغان ئۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى
قىيىنچىلىقلار سەۋەبلىك ئەسلا سۇسلاپ كەتمىدى، ئۇ
چاغدا جۇڭگو رەسمىي ئويغىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ
كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مەركىزىي پادىشاھلىق دۆلەت
(چىڭ سۇلالىسىنى دېمەكچى ـ ت) پەيدىنپەي ئۇلارنىڭ
بوزەك قىلىدىغان ئوبيېكتى ئورنىغا چۈشۈپ قالدى،
1895 ـ، 1905 ـ يىللاردىكى ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇش
مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى خورلۇق كەي-
پىياتى مەملىكەتتە مىللىي ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىنىڭ كۆ-
تۈرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ بىر مەيدان ھەرد-
كەتكە ياش گۇاڭشۇي خان رەھبەرلىك قىلدى. بىراق ئۇ
يېتەكچىلىك قىلغان يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى سىشى
تەيخۇ (يىخا ناراشى) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. 1862 ـ
يىلىدىن تارتىپ سىشى تەيخۇ جۇڭگونىڭ بىردىنبىر ئەمە-
لىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىدى. 1898 ـ يىلى ئۇ قانلىق
سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى-
نى ئۈجۈقتۇرۇپ، پادىشاھنى ھوقۇقنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈپ
بېرىشكە قىستىدى. يىختۇەن مالىمانچىلىقى مەزگىلىدە
ئوردا ئوكتەي ـ توكتەي قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، سىشى
تەيخۇ ئۆزىنىڭ تىرناق قېپىنى كۆيدۈرۈشكە مەجبۇر
بولدى، رۇس ـ ياپون ئۇرۇشى مەزگىلىدە سىشى تەيخۇ
باشچىلىقىدىكى چىڭ ئوردىسى ئەمەلدارلىرى كۆزلىرىنى
يوغان ئېچىپ قاراپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ئاندىن جۇڭگو-
نىڭ تولىمۇ قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.
شۇنداق قىلىپ بۇ مەزگىلگە كەلگەندىلا ئالىي ھوقۇقنى
ئىگىلەپ تۇرغان بۇ 70 ياشلىق ئايال ھۆكۈمران ئاخىر
يېڭى تەدبىرنى يولغا قويدى. قول ئاستىدىكى نايىپ
ئەمىر يۈەن شىكەينى بۇ ئەڭ مۇھىم ئىشنى يولغا قويۇشقا
بۇيرۇدى. يېڭى تەدبىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مەركىزىي
ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كۈچەيتىش، سەككىز قو-
شۇنلۇقلارنىڭ چىرىپ كەتكەن، كېلەڭسىز ئالاھىدە ئىمتى-
يازىنى بىكار قىلىش، دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مەكتەپلەر-
نى قايتا تەشكىللەش، تۆمۈريول ياساش قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت ئىدى. يېڭى تەدبىرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە مەزمۇ-
نى زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش كۈرىشى ئىدى،
چۈنكى ئەپيۇنكەشلىك تۈپەيلىدىن ئۇنى چەككەن جۇڭگو-
لۇقلار مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
رىشى سەۋەبلىك مېيىپ بولۇپ قالغانىدى.

رۇسىيە ئارمىيەسى باش ئىشتابىنىڭ ئىستراتېگىيەسى
دەل مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا شە-
كىللەنگەنىدى. ئۇلار جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئە-
مەلىي كۈچى زادى قانچىلىك؟ بولۇپمۇ چېگرا رايونلاردا
زادى قانچىلىك كۈچى ھەم تەسىرى بار؟ يېڭى تەدبىرگە
قارشى تۇرىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ تەدبىر ئېلىپ
كەلگەن كەسكىن ئۆزگىرىشلەرگە قانداق قارايدۇ؟... دې-
گەنلەرنى ئېنىق بىلىۋېلىشقا تولىمۇ تەقەززا ئىدى. ئۇلار
يەنە رۇسىيەلىكلەر ناتونۇش جايلاردا چارلاپ تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىس-

مىدىكى چېگرا رايونلارنى تـەكشۈرۈش ئـارقىلىق ئـوتتۇرا
ئاسىياغا بولغان چۈشىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك دەپ ئويد۔
لايىتى. هـەربىي ئـىشلارغا ئـائىت مـاتېرىياللارنى يـىغىش،
ئـىستاتىستىكىلىق مـەلۇماتلارنى تـوپلاش، ئـەسلىدىن بـار
بولغان كونا يول خەرىتىسىنى قـايتا سىزىپ چىقىش
ۋە يېڭى خەرىتە چېرتيوۋژىنى سىزىش قاتارلىقلارمۇ ئۇلار
كۆڭۈلگە پۈككەن ئىشلار ئىدى.

كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي ئېيتقۇم كېلىدۇكى، ۋەزد۔
پە قـارىماققا نـاھايىتى قـىزىقارلىق بـولغاچقا، ئـاتقا مـىنىپ
ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى بـىلەن مـەشغۇل بـولۇشتىن ئـىبا۔
رەت خەتىرى بار بۇ سەپەر ماڭا ئانچە قـوقاق سـالالمايت۔
تى. بىراق، سەپەر مۇشەققىتى مۇشكۇل، ھەتتا پۈتكۈل مە۔
دەنىي دۇنيادىن ئۇزاق مۇددەت ناھايىتى يىراق ئـايرىلىپ
تۇرۇشتەك ھالـەتكە دۇچ كـېلىدىغانلىقىم ئـېنىق بـولغاچقا،
شۇ يـەرنىڭ ئـۆزىدە سـەۋەب كۆرسەتمەستىن ۋەزىپـىنى
قوبۇل قىلىش ماڭا تـەسكە چۈشتى، بـولۇپمۇ مـەن تـېخى
ئەمدىلا مۇشەققەتلىك ئۇرۇش فرونتىدىن قايتىپ كەلگەن
بولغاچقا مۇنداق قارارغا كېلىش ماڭا نىسبەتەن بىر پـولكقا
قوماندان بولۇپ جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىنى تـاپشۇرۇۋېلىش
ئالدىدىكى پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتىنمۇ قىيىن توختىدى. مۇ۔
بادا مەن بۇ قېتىملىق كوماندىروپكىنى زىممـەمگە ئـالىد۔
غان بولسام، كەلگۈسىدە بەلكىم چـەت، يـىراق بـىر جـايدا
سەرگەردان بولۇپ، نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن كەتكۈ۔
زۈۋېتىشىم مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇلاردىن ئـويلىنىپ كۆ۔
رۈشۈمگە مەلۇم ۋاقىت بېرىشنى تەلەپ قىلدىم.

ھالبۇكى، بۇ ۋەزىپە ماڭا نىسبەتەن ئاجايىپ مـەھلىيا
قىلىش كۈچىگە ئىگە ئـىدى. ئـۇنىڭ ئۈستىگە مـەن بـاش
ئـىشتاب ئـارخىپخانىسىدا نـۇرغۇن ئـەھۋاللاردىن خـەۋەر
تاپقان بولغاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ سـەپەرگە قـىزىقىپمۇ
قالدىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئـاخىر ئـېكسپېدىت۔
سىيە سەپىرىگە ئاتلىنىش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قـىلدىم. سې۔
ھىرلىك ئاسىيانىڭ يېڭى رايونلىرىدا تەكشۈرۈش، چارلاش
ئېلىپ بېرىش ئارزۇسىنى خـېلى بـۇرۇندىن تـارتىپ، يـەنى
رۇس۔ يـاپون ئـۇرۇشى مـەزگىلىدىن بـاشلاپ كـۆڭلۈمگە
پۈككەنىدىم. پىلان بويىچە ياز پـەسلى يـېتىپ كـەلگەندىن
كېيىن يولغا چىقىش بېكىتىلگەن بولغاچقا، مەن مۇشۇ ئارد۔
لىقتىكى كـەڭ ـ كۇشادە ۋاقـىتتىن پـايدىلىنىپ، سـەپەرگە
جابدۇنۇش تـەييارلىقىغا كـىرىشىپ كـەتتىم ھـەمدە سـەپەر

جەريانىدا فـىنلاندىيە پـاسپورتىنى ئـىشلىتىشنى ئـويلىدىم،
مۇنداق قىلىش ئەركىن ھەرىكەتلىنىشىمگە پايدىلىق ئىدى.

سەپەرگە تـەييارلىق قـىلىشتا، بـاشقىلارنىڭ ئـالاھىدە
يېتەكچىلىكىگە ئېرىشىشىم تەس ئـىدى. پۇرژېۋالسكىينىڭ
ئوقۇغۇچىسى كاپىتان كېسلوپ گەرچە رۇسىيە تەۋەسىدد۔
كى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ئېكسپېدىتسىيەسى ئەڭ ئالدىن۔
قى ئورۇندا تۇرىدىغان كىشى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزى
بىلگەن، ئـىگىلىگەن پـاراسەت، بـىلىملەردىن بـاشقىلارنىڭ
بەھرىمەن بـولۇشىنى ئـانچە يـاقتۇرۇپ كـەتمەيتتى. شۇڭا
سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن بۇ ھەقتىكى ساۋاتلارنى ماتېرد۔
ياللاردىن ئاختۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىشنى ماركو پولو۔
نىڭ 13 ـ ئەسىرگە تـەئەللۇق سـاياھەت خـاتىرىسىنى كۆ۔
رۈشتـىن بـاشلىدىم، ئـوقۇغانسېرى قـىزىقىشىم كـۈچىيىپ،
روھـىم كـۆتۈرۈلۈپ كـەتتى. پـۇرژېۋالسكىي، سـېۋىن.
ھېدىن، ئـاۋرېل. ستـەيىن قـاتارلىقلار، بـولۇپمۇ كـېيىنكى
مەزگىلدىكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر يازغان ئەسەرلەر مـېنىڭ
ئـوتتۇرا ئـاسىيانىڭ شـۇ مـەزگىلدىكى ئـەمەلىي ئـەھۋالىنى
تەكشۈرۈشتىن مەيدانىغا چىققان نـەتىجىلەرگە بـولغان تـونۇ
شۇمنى ئومۇمىي دائىرىگە ئىگە قـىلدى، ھـالبۇكى بۇ ئـە۔
سەرلەر كىشىنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئـىشلار
تولىمۇ كۆپ ئىكەن، دېگـەن چۈشەنچىگە ئـىگە قـىلاتتى.
شۇنداق قىلىپ مەن قەدەم قويماقچى بولغان بەزى رايون۔
لارنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى غۇۋا ئىزنالار مې۔
ڭـەمدە پـەيدىنپەي شـەكىللىنىشكە بـاشلىدى، ئـەپسۇسكى
كۆپلىگەن رايونلارنىڭ ئـىشەنچلىك خـەرىتىسى بـولمىغاچقا
ئەتراپلىق كۆرۈپ چىقىشقا ئامالسىز قالدىم.

شۇنىڭغا كـۆزۈم يـەتتىكى، ھـەربىي ئـىشلارغا دائـىر
ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتىن باشقا، مـاڭا يـەنە ئـىلىم۔ پـەنگە
دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش پۇرسىتىمۇ بـار ئـىدى، بۇ۔
نىڭدىن پايدىلىنىپ ئاسىيا مەركىزىي رايونلىرىنىڭ جۇغرا۔
پىيە، مىللەتشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيە پـەنلىرىگە ئـائىت
تـونۇشۇمنى مـۇئەييەن دەرىجـىدە چوڭقۇرلاشتۇرالايتتىم،
شۇڭا مەن فىنلاندىيەلىك بەزى ئـالىملار بـىلەن، بـولۇپمۇ
فىنلاندىيە ئۇيغۇرشۇناسلىق جـەمئىيىتىنىڭ بـاشلىقى، سـيا۔
سىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى ئاۋتور. تاڭنا بـىلەن بۇ ئـىش
توغرىسىدا پـىكىرلەشتىم، تـاڭنانىڭ ئـاسىيانى تـەكشۈرۈش
قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى، تەكشۈرۈش مەزمۇنى جانلىق
ھەم كونكرېت ئىدى. ئۇ مۇشۇ ساھەدە مـول تـەجرىبىگە

www.uyghurkitap.com



ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملارنى چارلاش، تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەنتېر يىغىپ- ساقلاش كومىتېتىدىكىلەر مېنى بۇ قېتىمقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىز مۇزېيى ئۈچۈن ئارخېئولوگىيە ھەم مىللەتشۇناسلىققا دائىر بۇيۇملارنى توپلاپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. مەندىن بېجىرىش تەلەپ قىلىنغان ئىشلار ئاجايىپ كۆپ ئىدى. مۇبادا ھەممىسنى تەلەپ بويىچە ئورۇندىيالىغان بولسام نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمگە توغرا كېلەتتى، بىراق مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ئەسلا ۋاقتىم يوق ئىدى. ئاخىر مەن بىر - ئىككى پارچە ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابچىدىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمىتىنى تاماملىدىم. ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابچىلار مېنى ئىنچام، ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق، ئەمەلىي يېتەكچىلىك ساۋاتى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ ساۋاتلارنى بىر ئېكسپېدىتسىيەچى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

## جەنۇبتا ۋولگا دەرياسىدا سەپەر قىلىپ، شەرقتە كاسپى دېڭىزىدىن ئۆتۈش

1906 - يىلى 6 - ئايدا مەن سەپەرگە كېرەكلىك بارلىق يۈك- تاقلارنى تەييارلاپ بولۇپ، فوتو ئاپپارات ۋە خەرىتە سىزىشقا دائىر ماھارەتلەرنى پىششىق ئىشلىگەندىن كېيىن پېتېربۇرگتىن سەپەرگە ئاتلاندىم. ئالدى بىلەن پويىزغا ئولتۇرۇپ، موسكۋادىن ئۆتۈپ، نوۋگورودقا كەلدىم، ئارقىدىنلا پاراخوتقا چىقىپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا قاراپ مېڭىپ، ئاستراخاننى بېسىپ ئۆتۈپ، شەرقنى ئايلىنىپ كاسپى دېڭىزىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كىراسنوۋىسكىغا كېلىپ چۈشتۇم. ياۋروپادا يەتتە ئاي تۇرۇپ، ئاندىن كېيىنلا ئاسىيا تۇپرىقىغا قەدەم باستىم، بىر ناتونۇش ھەم ئاجايىپ سېھىرلىك دۇنيا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يۈز ئاچتى.

ھايالشىمايلا ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان پويىز رىتىملىرىغا ھەم ئۇنىڭ ياڭراق گۈدۈك ساداسىغا ھەمراھ بولۇپ، تاشقى كاسپى دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى بىپايان قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتتۈم، مەرۋە، بۇخارا ۋە سەمەرقەنت بوستانلىقىدىن ئېشىپ، تاشكەنت شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. پېتېربۇرگدىن ئىسسىق بالقىپ تۇرىدىغان 1700 كىلومېتىرلىق مۇساپىنى ئۈچ كېچە- كۈندۈزدە تاماملىدىم. ئاز بولغاندىمۇ بىر نەچچە بوستانلىقنىڭ كۆلىمىگە باراۋەر كېلىدىغان قاقاس قۇملۇقنىڭ چاررۇسىيە كافكازدىكى قالايمىقانچىلىقنى تىنىچىتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەشغۇل قىلدۇرىدىغان تەبىئىي مەكتەپ بولۇپ قالغانلىقىنى راستىنلا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن ۋاگون دېرىزىسىدىن بۇ چەكسىز دالاغا نەزەر سېلىۋېتىپ، بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ (چاررۇسىيەنى دېمەكچى - ت) نۇرغۇن قېتىملاپ ناھايىتى زور ئارقا سەپ تەمىناتى مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتتىم. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىراسنوۋىسكىيدىن ئالدىنقى سەپتىكى ئارمىيەنىڭ ئارقا سېپىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول ياسىغاندىلا ئاندىن ساكىبىلوپ قاتارلىق ھەربىي قوماندانلار كۆزلىگەن يەرگە يېتىپ بارالايتتى. بۇ جاينى چاررۇسىيە دۆلەت خەرىتىسىگە كىرگۈزەلىگەندىلا ئاندىن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولاتتى. بولۇپمۇ چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى، ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى ياساش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكىمۇ پايدىلىق ئىدى، بۇ ئۆستەڭ- ئېرىقلار مۇغۇلىستان پادىشاھلىقى گۈللەنگەن مەزگىلدە بەرپا قىلىنغان بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەنىدى.

تاشكەنتكە بارغاندىن كېيىن، مەن باش ۋالىينى زىيارەت قىلىپ پۈتكۈل سەپەر جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت- ئالاقىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىرىۋالدىم. ھەربىي رايون ئىشتابىدا يول- ئۆتەڭلەرگە ھەم چېگرا- قۇرۇللارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈپ چىقتىم. مەن ئۇ يەردە بىرىنچى قېتىم پولكوۋنىك كورنىلوپنىمۇ ئۇچراتتىم، ئۇ كېيىنرەك، يەنى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە چاررۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ بىر نەچچە قوماندانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن سىرت مەن سەپەر جابدۇقلىرى قاتارىدا كونا شەكىللىك يەتتە تال مىلتىقمۇ تەييارلىدىم. زۆرۈر تېپىلغاندا بۇلارنى سوۋغات بۇيۇمى قاتارىدا بارغان يېرىمدىكى چارۋىچىلار ئاقساقاللىرىغا تارتۇق قىلىپ بېرىۋېتەلەيتتىم. تاشكەنتتىن ئايرىلىپ سەمەرقەنتكە كەلدىم. ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى ئىچىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ نۇرلۇق مەرۋايىت خېلى ئەسىرلەر ئىلگىرى ئالېكساندىر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەمۇرىي مەھكىمىسى بولغانىدى. چىڭگىزخان ئەسكەرلىرى كەلگەندىن كېيىن بۇ شەھەرنى تۈزلىۋېتىپ، خارابىزارلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، بىراق 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاقساق تۆمۈر بۇ شەھەرنى قايتىدىن

قۇرۇپ چقىپ گۈللەندۇردى. ئاقساق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەشەمەتلىك شاھانە سارايلارنىڭ بەرىنى مۇشۇ شەھەردە بىنا قىلدۇردى، سەمەرقەنتنىڭ تارىخىي ئىزلار، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك سېلىنغان قىزغۇچ رەڭلىك جامە-مەسچىتلەر قارىغان كىشىگە ئاجايىپ سېھىرلىك تۇيۇلاتتى، رېگىستان مەيدانىنىڭ ئۈچ تەرىپى ناھايىتى ئېگىز مەسچىتلەر بىلەن قورشالغاندى، ئازنا كۈنىدىكى چۈش مەزگىلى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ ئىسلام دىنىنىڭ سان-ساناقسىز سادائەتمەن مۇرىتلىرى ئالدىراشلىق بىلەن بۇ يەرگە جۈمە نامىزى ئۆتەشكە تەييارلانغاندا، مەيدان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تۈس ئالاتتى. دۆلەتمەن مۇسۇلمان مۇخلىسلار چىرايلىق جابدۇلغان بۇخارا ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ مەيدانغا كىرىپ كېلىشەتتى. جامەگە كېلىش يولىدا نۇرغۇنلىغان دىن مۇخلىسلىرى مۇشۇ ئەتراپتىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق بويىغا كېلىپ توختاپ تاھارەت ئېلىشاتتى. بوش ئورۇن بولماسلىقى سەۋەبىدىن جامە ئىچىگە قىسىلىپ كىرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان بۇ مۇخلىسلار گىلەم جەينامازلىرىنى جامە سىرتىدىكى يول ئۈستىگە يېيىپ سېلىپ، ناماز-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشاتتى. ئىمامنىڭ رۇكۇ ھەم سەجدىگە بارىدىغان چاغىدىكى بىر ئۆرلەپ-بىر پەسىيىپ تۇرىدىغان ياڭراق ئاۋازى پۈتۈن مەيداندىكى جىمجىتلىقنى بەزىدە بۇزۇپمۇ تۇراتتى، مۇخلىسلارنىڭ بېشىغا ئورىۋالغان ئاپپاق سەللىلىرى ئۇلارنىڭ سەجدىگە بېرىش ھەم قايتىش ھەرىكىتى جەريانىدا بەئەينى دولقۇنلاۋاتقان ئاق دېڭىزغا ئوخشاش كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ، كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى.

ئاقساق تۆمۈر سەمەرقەنت شەھرىدىكى ئۆزى ھايات چېغىدا لايىھەلەپ ياساتقۇزغان گىرانىت تاشتىن قوپۇرۇلغان قەبرىسىدە جىمغىنە ئارام ئېلىپ ياتاتتى. ناھايىتى زور قەبرە تېشىنىڭ كۆزگە ئاسان چېلىقىپ تۇرىدىغان بىر يېرىگە ئىنتايىن چوڭ ھۆسنخەت بىلەن: «مۇبادا مەن ھايات بولىدىغان بولسام، كىشىلەر مېنى كۆرسە، مەڭدەپ تىترەپ كەتكەن بولاتتى» دېگەن سۆز ئويۇلغانىدى. دۇنيادىكى بارلىق ئىستېلاچىلار ئارىسىدا بۇ تۈركىي ئەمىر (بۇنداق ئاتاشنىڭ ئۆزى خاتا، ئۇنى موڭغۇل نەسەبىدىن دەپ ئاتاش كېرەك — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھى)گە ئوخشاش كىشىنى قاتتىق ئەيمىندۇرىدىغان بىرەرسى ئۆتمىگەن بولسا كېرەك. سەمەرقەنتلىكلەر ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا تەبىئىي ھالدا بىر خىل ھۆرمەتلەش تۇيغۇسىغا چۆمىدىكەن.

يول باشلىغۇچۇم مېنى ئالاھىدە بىر تاغ جىلغىسىنى كۆرگىلى ئېلىپ باردى، رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ ئەۋلىيا دەنىيىلى (ئۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ «مۇقەددەس كونا ئىنجىل» ناملىق كىتابىدا ئېيتىلغان ئىبرانى بولۇپ، تەڭرىگە يېگانە ئېتىقاد قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن جىلغىدىكى شىرنىڭ ئۇۋىسى ئالدىغا تاشلىۋېتىلگەندىمۇ ھېچقانداق زەخمىگە ئۇچرىمىغانمىش — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) تاشلانغان مەشھۇر شىر جىلغىسى ئىكەن. يول باشلىغۇچۇم يەنە ئەۋلىيانىڭ يان تەرەپتىكى قەبرىسىنى ماڭا كۆرسىتىپ قويدى. بۇ قەبرە ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە لاي توپا قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن سەككىز مېتىر چامىسىدا كېلەتتى. مەن يول باشلىغۇچىدىن: — بۇ قەبرە نېمانداق ئۇزۇن؟ — دەپ سورىسام، ئىچ قەبرىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، يەنىمۇ ئۇزارتىپ ياساش كېرەكلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

— ئەۋلىيانىڭ قەبرىسىنى يەنە ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— ياق، رۇسلار ئاللىقاچان بۇ ئىشنى توسۇپ قويدى.

رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈركىي تىللىق ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى «سارتلار» (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر مۇسۇلمان سودىگەرلەرنى شۇنداق ئاتايدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) بىلەن تۈركمەنلەر ئىدى. مەن سەمەرقەنتتە بەزى سارتلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلار ئىران قان سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان مىللەتلەر ئىدى. كىيىنچىرەك شىنجاڭدىمۇ بۇ خىل سارتلارنى ئۇچراتتىم. ئۇلار ئىنتايىن ئۇماق ھەم قىزغىن مۇئامىلىلىك كەلسىمۇ، بىراق ئىشەنچسىز، بوشاڭ كىشىلەر ئىدى. شەھەرلىك سارتلارنىڭ كىيىنىشى ئىنتايىن رەتلىك بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى يۇقىرىراقلار ئۇستىگە سېرىق كالۋاتون تۇتۇلغان ئاپپاق تونلارنى كىيىۋالاتتى، باشقا كىيىملىرى بولسا ھەر خىل رەڭ ھەم پاسونلاردا بولاتتى، سارتلار ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىنتايىن قاتتىق ئەمەل قىلىشاتتى.

سەمەرقەنتنىكى چېغىمدا مېنىڭ ياۋروپالىقلار ئەۋلا-

uyghurkitap.com



دى ھېسابلىنىدىغان ئىككى ھەمسەپەر ئادىمىم ـــ كالچاك سولدىتى راشمانوپ بىلەن لوكانىپلار قىشمىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى. ئۇلار مۇشۇ جايدا تۇرۇشلۇق گېساك ئارمىيەسى ئىچىدىكى 40 نەپەر پىدائىي ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلغان جۇشقۇن يىگىتلەر ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن جاپا- مۇشەققەتلەرگە چىدايدىغانلىقى، ۋاقتى ئىككى يىلغا سوزۇلىدىغان ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ھېچقانداق قورقۇش ھېسسىياتىدا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇكى، راشمانوپ بىز بىلەن بىرگە يەتتە ئاي سەپەر قىلغاندىن كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ سەپتىن ئايرىلدى.

## چىگرا شەھىرى ئوشتا

گېساك ئارمىيەسى ئۇيۇشتۇرغان ئۇزىتىش مۇراسىمى تولىمۇ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بارلىق ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى مەيدانغا تەق بولدى، ھەربىي ئوركېستىر ئورۇندىغان خۇشال مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بىز ئاتلىرىمىزنى يېتەكلەپ، پەرغانە ئۆلكىسى تۆمۈريولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان ئەنجانغا قاراپ ماڭغان پويىزغا چىقتۇق. بىز ئەنجانغا بارغاندىن كېيىن ئاتلىرىمىزغا مىنىپ ئوشقا كەلدۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن مەن ئات بازىرىدىن يەنە ئىككى تۇياق ئات بىلەن تۆت تۇياق خېچىر سېتىۋېلىپ، تۆت نەپەر سارتنى ياللىۋالدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭ بىرسى ساخالىن ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچى بولۇپ، كېيىن ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا بىزنىڭ «كارۋان ئەترىتىمىز»نىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى، بارلىق نەرسە- كېرەك، ئەسلىھەلەرنى ئايرىم- ئايرىم تېڭىپ تەييارلاپ ھېساباتقا كىرگۈزدۇق. ھەر خىل بوغچا، ساندۇقلارغا قاچىلانغان سەپەر جابدۇقلىرىنى ئايرىم- ئايرىم قىلىپ، ئات- خېچىرلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدۇق، بىر ئۇلاققا ئارتىلغان يۈكنىڭ مىقدارى 130 كىلوگرام بولۇپ چىقتى. ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشتە بۇ! دۇنيادا نەدىمۇ ئاشۇنداق ئېغىرلىقتىكى يۈك- تاقلارنى ئۈستىگە يۈكلەپ، تىك داۋان، خەتەرلىك يوللاردىن ئاشىدىغان ھايۋانلارنى ئۇچراتقىلى بولسۇن؟ بىراق مېنىڭ تولىمۇ تەئەججۇپلىنىش ھېسسىياتى بىلەن شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇكى، بۇ شۇنداقلا دەپ قويغان قۇرۇق گەپ ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن مەن بېشىدا سامى بولغان ئىشتۇر! سارتلار ئاتلارنى ئىگەرلىمەي دۈمبىسى ئۈستىگە يېتىن توقۇلغان «يىبىرىم ھەرە كۆنىكى»گە ئوخشاپ كېتىدىغان پالاسلارنى ياپتى، يۈكلەرنى تىك تۇرغۇزۇلغان ھەرە كۆنىكىنىڭ ئالدى يۈزىگە ئوخشىشىپ توقۇلغان سېۋەتلەرگە رەتلىك قاچىلاپ ئات ئۈستىگە بېسىپ، سېۋەت ھەم پالاسلارنى ئارغامچا بىلەن مەھكەم تېڭىۋەتتى. كارۋان ئەترىتى سەپەرنى باشلىغاندىن تارتىپ يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ- قاچىلاش بەك قىيىن بولغاچقا، يول يۈرۈش جەريانىدا يۈكلەرنى ئەسلا ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ باقمىدۇق، ھەتتا ئاتلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىمۇ ئۇنداق قىلىشقا رايىمىز بارمىدى.

## ئاسمانپەلەك تاغلاردىن ئېشىپ شىنجاڭغا كېلىش

8- ئاينىڭ 11- كۈنى ئوشتىن شىنجاڭغا قاراشلىق قەشقەر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق، قەشقەر پامىرتاغ تىزمىلىرى بىلەن تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈزلەڭلىكتە جايلاشقان بىر شەھەر بولۇپ، بىز تۇرغان يەردىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى كارۋان ئەترىتىمىزگە لىۋ فامىلىلىك بىر نەپەر تەرجىماننى كۆپەيتتۇق، يەنە يول باشلىغۇچى بىر يىگىت بىلەن ئالتە خېچىرنىمۇ كارۋان ئەترىتىمىزگە قوشۇۋالدۇق. بۇ خېچىرلارنى تەييارلانغان چۆپ- سامانلارنى بىرگە ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغاندۇق. بىز ئاتلارغا مىنىپ، ئۆلكە چېگراسىنىڭ بوك- باراقسان ئېگىزلىكلىرىدىن ھالقىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرىدىن ئاشتۇق. ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى چىرچىق تاغ ئاچىلى ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشالغانىدى. ھەدەپ مېڭىۋاتىمىز، ئېكىنزار يەرلەر بارا- بارا شالاڭلىشىپ، ئاخىر پۈتۈنلەي كۆزىمىزدىن يىراقلاشتى. سەپەر قىلىۋېتىپ ئات- كالىلارنى ھەيدەپ كۆچۈپ كېتىۋاتقان قىرغىز ئائىلىلىرىنى ئۇچراتتۇق، ئۇلارنىڭ رەڭمۇ- رەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، باش- بويۇنلىرىنى ئاق لېچەك بىلەن ئورىۋالغان ئاياللىرى ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. بەزى ئاياللار نېپىز رەختت بىلەن ئورالغان بۆشۈكلەرنى ئالدى تەرىپىگە قويۇۋالغان بولۇپ، بۆشۈك ئىچىدە ئوماق بوۋاقلىرى تاتلىق ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى، ئەرلىرى قېنىق كۆلرەڭ رەختتە تىكىلگەن تونلارنى كىيىپ بەدىنىنى ئوراپ، بەللىرىنى تېرە بەلباغ بىلەن چىڭ تېڭىشىۋېلىشقانىدى. بۇ چارۋىچىلار ئائىلىلىرى كىشىگە گويا سىزىلىشى ئاجايىپ چىرايلىق بىر پارچە رەسىمنى كۆرگەندەك تەسە-

رات بېرەتتى.

ئىككىنچى كۈنى بىز ئاخىرقى ھېسابتا تاغ ئېغىزىنىڭ ئېگىز چوققىسىغا ئۆرلەپ چىقتۇق، كۆز ئالدىمىزدا شۇ ھامان ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بىر مەنزىرە نامايان بولدى. بىر-بىرىگە منگەشكەن ئەگرى-بۈگرى تاغ تىز-ملىرى قارىماققا كەچكى شەپەق نۇرىدا بەئەينى ئاققۇنىڭ قېنىق يېشىل پەرلىرىدىن قىلىنغان ماھۇق لىباس بىلەن پۈركەنگەندەك جىلۋىلىنەتتى. تاغ تىزملىرىنىڭ جايلىشىش يۆنىلىشى يۇقىرىدىن-تۆۋەنگە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى يىراقتىكى بىر تار تاغ جىلغىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى، جىلغىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى-دىكى ئاپپاق قېلىن قار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى ئاندا-ساندا كۆزىمىزگە چېلىقاتتى. كەچ چۈشۈپ كېتىۋاتقان بولغاچقا بىز بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر-دىن ھۇزۇرلىنىش ھېسسىياتىمىزدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدۇق، چۈنكى ئالەم تۈن قوينىغا ئورىلىشتىن بۇرۇن ئاشۇ تاغ جىلغىسى ئىچىگە جايلاشقان قونالغۇغا يېتىپ بې-رىۋالمساق بولمايتتى. ئۇشتا تۇرۇشلۇق ئارمىيەنىڭ قو-ماندانى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىز ئۈچۈن ئاشۇ جايدا با-رىگاھ تەييارلىتىپ قويغانىدى، بۇ بارىگاھ ئالاي دەرياسى جىلغىسىنىڭ ئاقساقلى ھەسەنبېكنىڭ ئوغلىنىڭ ئىگىدارچى-لىقىدىكى بارىگاھ ئىدى.

بىرىنچى قېتىم قىرغىزلارنىڭ كىگىز ئۆيىگە كىرىپ ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن كەي-پىياتىم ئاجايىپ ياخشى ئىدى. كىگىز ئۆي كەڭ ھەم ئا-زادە بولۇپ، تۆت تەرىپى رەڭمۇرەڭ گۈللۈك تام گىلىمى ھەم گۈل كەشتىلەنگەن چىرايلىق رەخت پەردىلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۆي ئىچىگە سۈۋارى گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئىككى كارىۋاتقا ئېسىل تاۋار يوتقانلار تىزىلىپ، ئۈستىگە ياستۇقلار تاشلاپ قويۇلغانىدى. كىگىز ئۆيگە كىرىدىغان يەرگە يېشىل چىم ياتقۇزۇلغانىدى. ئارقا تام تەرىپىگە بولسا تۆت دانە كونا شەكىلدىكى ئات ئىگىرى ئېسىلغانىدى، يۇقىرى تەرەپكە نەپىس تاۋاردىن ئىشلەن-گەن يۇپۇق قاتلاپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ناھايىتى كۆپ مىس ياپراقچىلار ۋە يېشىل ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن يۈگەن ئات جابدۇقلىرى — بويۇنتۇرۇق، يۈگەن، يۇپۇق، جۇمبۇ-جاۋەن، توشۇك، تۆشتارتقۇ قا-تارلىقلار رەتلىك قويۇلغانىدى، ئۆينىڭ كىگىز تېمىغا ئېخى ئىچىگە بىر-ئىككى پارچە كىتاب ھەم باشقا نەرسىلەر سې-لىنغان نەپىس رەخت خالتىلار ئېسىلغانىدى.

بىز ئاتلىق سەپەر قىلىپ دائىرىسى كىچىك گۈلچا قەلئەسىدىن ئۆتكىنىمىزدە، بۇ كىگىز ئۆيلەر يۇقىرىقى نام بىلەن ئاتىلىدىغان دەريا ئېقىنىغا يېقىن بىر جايغا تىكىلگەنە كەن. ئۆيگە كېلىشتىن ئىلگىرى دەريا ئېقىمىنى بويلاپ توختاۋسىز يول يۈرۈپ، تارچۇق دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئېغىزىغا قاراپ ئاتلاندۇق. يول بارغانچە تىكلەشمەكتە، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋېرىپ دەرمانىمىز قۇرىدى. بىراق ئېگىز تاغقا چىقىپ بولۇپ پەسكە تۆۋەنلەپ ماڭغان چېغى-مىزدا ئالدىمىزدىكى كۆركەم مەنزىرىنى كۆرۈپ، روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدۇق، تىك چوققىدىن تۆۋەنگە بۇرۇلغىنىمىزدا نەزىرىمىز چۈشكەن ئاجايىپ چىرايلىق مەنزىرە ھارغىنلىقىمىزنى تارقىتىۋەتتى. ياپيېشىل تاغ جىلغى-سىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە قىزىل رەڭدىكى تاغ سۇلىرى بۇرۇلۇپ-بۇرۇلۇپ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتاتتى، ھەيۋەتلىك تاغ تىزملىرى مەغرۇر قەد كېرىپ يىراقلاردا چوقچىيىپ تۇراتتى، ئاپپاق قار بىلەن ئورالغان ئاسمانپەلەك ئېگىز چوققىلاردىن بالقىغان كۈمۈش نۇرلار ئەتراپقا يېيىلماقتا ئىدى. تاغ جىلغىسىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە كەلگىنىمىزدە مەن شۇنى چۈشەندىمكى، ئابايلىتىن بىز كۆرگەن سۇلارنىڭ قىزىل رەڭدە جىلۋىلىنىشىدىكى سەۋەب ئەسلى-دە دەريانىڭ ئاستىدىكى قۇم-تۇپراقنىڭ رەڭگى قىزىل بولغىنى ئۈچۈن ئىكەن!

بىز ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ئۆگزىسى ئۈچلۇق كىگىز ئۆيلەر تاغ ئېغىزىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشتۇ-رۇلغانىدى. كىگىز ئۆيلەرگە يېقىن كېلىشىمىز بىلەن تەڭ ھەسەنبېك بىزنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. مەن نۇرغۇن قىرغىز ئاغىنىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ سېمىز بېقىلغان چىرايلىق ئات پادىسىنى كۆزدىن كەچۈر-دۇم. بىز كەلگەن چاغدا قىرغىز دوستلار بىرسىنىڭ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، تويغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن پائالىيەتلەر ئىچىدە ئات بەيگىسى بىلەن ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىمۇ بار بولۇپ، 30 دىن ئارتۇق چە-ۋەنداز بۇ ئويۇنغا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. مۇسابى-قە باشلانغان چاغدا چەۋەندازلار بوغۇزلىنىپ يۇلۇڭ-تۇۋتى-لىرىغا ماي سۈركۈۋېتىلگەن ئۆلۈك ئەچكۈنى تالىشىشقا كىرىشتى، ئەچكۈنى تارتىپ باشقىلارنىڭ قولىدىن ئېلى-

www.uyghurkitap.com



ۋالغان چەۋەنداز بۇ ئولجىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىغا قاراپ
ئۇچقاندەك چاپتى، بەيگىگە قاتناشقان باشقا چەۋەندازلار
ئۇنىڭ قولىدىكى ئەچكىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن مىنگەن
ئاتلىرىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغلىدى. مۇنداق تالىشىش
ئەتراپتا تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئاممىنى ئاجايىپ جىد-
دىيلەشتۈرۈپ هاياجانغا سالدى، بۇ كەيپىياتقا قاراپ، قىر-
غىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىنى
ئات ئۈستى چېلىشىش ھەرىكىتى دەپ ئاتاشقىمۇ بولاتتى.
ئاتلارنى ئاساسي ترىكچىلىك ئۈلى قىلغان قىرغىز مىللە-
تىنىڭ شۇ قېتىمقى پائالىيتى مېنىڭ قەلبىمدە ئەبەدىي ئۆچ-
مەيدىغان گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. قىرغىزلار
مەرت، سەممىي، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر
مىللەت ئىكەن. ئۇلار ئەلمىساقتىن تارتىپ قويلارنى
بېقىش، ئاتلارنى كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى پائالى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىپ هايات كەچۈرۈپ كەپتۇ، بۇ يەردە
شۇنى ئوچۇق ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇكى، ئۇلار ئاتنى
قالتىس مۇقەددەس دەپ بىلىدىكەن؛ ئەمما ماڭا چۈشىنىك-
سىز بولغىنى بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر قاقاس جىلغىلاردا
ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپمۇ
يەنىلا مەخسۇس ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدىغان بەيگە ئاتلىرىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى چى-
دامىلىق، رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك چاپقۇر ئاتلاردىن
قىلىپ كۆندۈرۈپ چىقىدىكەن، بەلكىم بۇ ئاشۇ كىشىلەر-
نىڭ دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئات ئۈستى تەنتەربىيەسىگە
بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

هازىر ئالاي دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ كېتى-
ۋاتىمىز، تاغ يوللىرى بارغانچە ئېگىزلىگىلى تۇردى، ھەتتا
بىز ئېگىزلىكتىكى 3500 مېتىر كېلىدىغان تاغ يولىدىنمۇ
هالقىپ ئۆتتۇق. يولدا ئالدىمىزغا نۇرغۇن سودا كارۋانلى-
رى ئۇچرىدى، بەزى كارۋان ئەترەتلىرى تېخى 100 دىن
ئارتۇق تۆگە توپىدىن تەشكىللەنگەنىدى. چاررۇسىيەنىڭ
ئەڭ ئالدىنقى چېگرا چازىسى ئەركەشتامدا تەسىس قىلىن-
غان بولۇپ، بىز ئاخىرقى ھېسابتا بۇ دۆلەتنىڭ چېگراسى-
دىن ئېشىپ ئۆتتۇق.

مەن جۇڭگو ھۆكۈمەت تەرەپ زاتلىرى بىلەن
تۇنجى قېتىم چېگرادىكى مۇھىم ئۆتكەل ئۇلۇغچاتتا ئۇچ-
راشتىم. ئۇلۇغچات ئۆتكىلىنىڭ قوماندانى 60 ياشقا بارغان
ئورۇق، ئەپيۇنكەش قېرى ئىكەن، ئۇ دوستانىلىق بىلەن
مېنىڭ ياتقىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. مېنىڭ قارىشىم-
چە چېگرا ئۆتكىلىنى ساقلاۋاتقان نەچچە ئون ئەسكەرنىڭ
ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئاشۇ قوماندانىغا ئوخشاش ئەپيۇنكەش-
لىكنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلار ئىكەن. تاغ ئىچىدە چې-
دىردا يېتىپ بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئا-
خىرقى ھېسابتا كېسەك ئۆيدە يېتىش پۇرسىتىگە ئېرىش-
تۇق. ھەمسەپەرلىرىم بۇنىڭدىن خېلىلا راھەت ھېس قىلىش-
تى. كېسەك ئۆيلەرگە كالىك سېلىنغان بولۇپ، ئوت يېقىلغان-
دا ئوبدانلا ئىسسىپ كېتەتتى. بۇ خىلدىكى ئىسسىنىش
ئەسلىھەسى ماڭا مانجۇرىيەدىكى چاغدىلا تونۇش بولۇپ
كەتكەنىدى. ماڭا ئوخشاش مەغرۇر، راھەتپەرەس ياۋرو-
پالىق ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ خىل كېسەك قۇرۇلمىلىق
ئۆيلەر تولىمۇ كۆرۈمسىز ھەم ھۇزۇرسىز ھېسابلىناتتى.

### قەشقەرگە يېتىپ كېلىش

مانا بۇگۈنگە قەدەر قەشقەرگە بارىدىغان يولنىڭ يې-
رىمىنىمۇ بېسىپ بولالمىدۇق. هازىر بىز تاغ تەرەپتىن تۆ-
ۋەنگە سوزۇلغان يول بىلەن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتىمىز،
ئەمما بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنە بەش كۈن سەرپ قىلىپ
بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جاپالىق قاقاس تاغ يولى مۇ-
ساپىسى بار. بىز چوڭ-كىچىك تاشلار ئۈستىگە دەسسەپ،
ئېگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يول بىلەن قىينىلىپ بىر
قەدەم، بىر قەدەمدىن يول يۈرۈپ ئىلگىرىلەۋاتىمىز،
سەپەر داۋامىدا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرىنى، تېز ئا-
قىدىغان ئېقىنلارنى كېچىشىمىزگە، ئىنتايىن تار، تىك تاغ
قىسىلچاقلىرىدىن قىستىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كەلدى. بۇ
تار قىسىلچاقلار تەڭمۇ تەڭ يۈرۈۋاتقان بىر جۈپ ئاتنى
سىغدۇرالمايتتى. مۇبادا ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇ يەردىن
ئۆتكەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەم ھەم كارۋانلارنىڭ
جاپالىق يۈرۈشى بەدىلىگە بۇ تار، چوڭقۇر قىسىلچاق يول-
دىكى «پەلەمپەيلەر» شەكىللەنمىگەن بولسا بىزنىڭ مۇشۇ
مۇساپىنى بويلاپ مېڭىشىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىر چەتتە تاشلىنىپ ياتقان ئات-
ئېشەكلەرنىڭ قۇرۇغان ئىسكىلىتلىرى بۇ يولدا سەپەر قى-
لىشنىڭ ئاجايىپ مۈشكۈل ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەت-
تى. 8-ئاينىڭ 8-كۈنى قەشقەرگە كېلىپ چۈشكەن
چاغدىلا بىز بىرئاز يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق،
يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇشەققەتلىك مەنزىلدە بىز يولۇققان
ئەڭ چوڭ پېشكەل پەقەت بىر ئاتنىڭ دۈمبىسىنى ئىگەر

غاجاپ يارا قىلىۋەتكەنلىكى بىلەن يەنە بىر ئاتنىڭ پۇتىنىڭ يارىلانغانلىقىلا ئىدى، مەن بۇ ئاتلارنى قىرغىزلارغا بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ساغلام بىر ئاتنى تېگىشىۋالغاندىم.

قەشقەر ئىككى چوڭ دۆلەت (ئەنگلىيە بىلەن چار پادىشاھلىقىنى دېمەكچى ـــ ت)نىڭ تەسىر-دائىرە تالىشىش كۈچى ئۇچراشقان بىر جاي بولغاچقا، شەھەردە يالغۇز رۇسىيەنىڭلا كونسۇلخانىسى بولۇپ قالماي، يەنە ئەنگلىيەنىڭمۇ كونسۇلخانىسى تەسىس قىلىنغانىدى. مەن چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شۇ يەردە ياتاققا ئورۇنلاشتىم ھەمدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىندىم. كونسۇل كېرۇكلوپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىكەن، ئۇ مېنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىشىمگە كۆپ ياردەم قىلدى. يېخىتۇەن ھەرىكىتى يۈز بەرگەندىن باشلاپ، باش كونسۇلخانا ئىچىنى گېساك ئارمىيەسى ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە ئەترەت قوغداپ كېلىۋېتىپتۇ. جۇڭگو تېررىتورىيەسىدە چاررۇسىيە ئورۇش قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. تېخى ئەمدىلا ئويغىنىشقا باشلىغان جۇڭگونىڭ بۇ خىل ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش قىلمىشىغا ئۇزاقتىن بېرى سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ تەكتىگە زادىلا يېتەلمىدىم. ئەنگلىيە باش كونسۇلى گىراپ جورجى. ماكنادمۇ (خەنزۇچە ئىسمى ماجىيى ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) كىشىنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىدىغان كىشىگە ئەسقاتىدىغان بىر ئادەم ئىكەن. ئانىسى جۇڭگولۇق بولغاچقا ئۇنىڭ خەنزۇچە سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن، ئۇ ماڭا خەنزۇ تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ تەستە تاپقىلى بولىدىغان بىر توم چوڭ فورماتلىق كاتتا كىتابى بىلەن دالادا يېزىقچىلىق ئۈستىلى قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان خىزمەت شىرەسىنى ئارىيەت بېرىپ تۇردى. مەن يەنە ئىنتايىن مىننەتدار بولۇش ھېسسىياتىم بىلەن شۇ يەردە دىن تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ ماڭا مەرتلىك بىلەن ياردەم قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇمايمەن. ئۇلار قەشقەردە ئاساسلىقى مائارىپ ھەم داۋالاش-دورىگەرلىك، سەھىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەن شۇ يەرنىڭ ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئەمەلدارى دوتەي يۈەن خۇڭياۋنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ئورۇقراق كەلگەن، كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك كېلىشكەن بىر كىشى ئىكەن. يۈەن دوتەي ئۈستىگە گۈللۈك ئەمەلدارلىق تونى كىيىۋالغان بولۇپ، مەن بىلەن يامۇل زالىدا كۆرۈشتى، كۆرۈشۈشتىن كېيىن مېنى باشلاپ ئىككى زالنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىچكىرىدىكى ئايرىمخانىسىغا ئېلىپ كىردى. ئايرىمخانىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىگە ھەر خىل چايلار تىزىپ قويۇلغانىدى، دوتەي يۈەن خۇڭياۋ ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن مەندىن ئەمەلدارلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشىمگە ئىجازەت قىلىشىمنى ئۆتۈندى، ئارقىدىن چاي ئۇستاكانىغا ئىككى تال چاقماق قەنت سېلىۋېتىپ، چاي دەملەپ ماڭا سۇنۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز ناھايىتى ئۇزاق سۆھبەتلەشتۇق، سۆھبەت داۋامىدا بۇ خوجايىن ئالقىنىدىكى ياڭاقلارنى (ياڭاق چوڭلۇقىدىكى يۇملاق تاش بولۇشى مۇمكىن ـ ت) توختىماي ئايلاندۇرۇپ ئولتۇردى. بۇ جۇڭگودا كەڭ ئومۇملاشقان قول بارماقلىرى تەنتەربىيەسى ئىدى. مېنىڭ بايقىشىمچە جۇڭگولۇقلارنىڭ قولى ئادەتتە يۇمشاق، تېتىك ھەم ھەرىكەتچان بولۇپ، كىشىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ قول ئالقىنى گىمناستىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك. مەنمۇ ئىككى قېتىم سىلىق، پارقىراپ تۇرىدىغان بىر نەچچە ياڭاق سېتىۋالدىم، قارىغاندا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادەتتە ئۆزلىرى ئۇزاق ۋاقىت ئويناپ كەلگەن بۇ ئەرزان باھالىق ئەرمەك بۇيۇمدىن ۋاز كەچكىسى يوقتەكمۇ قىلاتتى.

## قەشقەرلىك سارتلار

شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىگە ئوخشاش قەشقەردە تۇرۇشلۇق خەنزۇلار بىلەن سارتلار (ئۇيغۇرلار ـ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) ئايرىم ھالدا شەھەرنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە بۆلەكلىرىدە ئولتۇراقلاشقانىدى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۆزىگە مەنسۇپ شەھەر رايونىدا تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى نەچچە ئون كىلومېتىر دائىرە ئايرىپ تۇراتتى. قارىماققا سارتلار ئولتۇراقلاشقان قەشقەر بىلەن چاررۇسىيەگە قاراشلىق شەھەرلەر ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان كوچىلار، سودا سارايلىرى، ھۈنەر-كەسىپ دۇكانلىرى ۋە لاي كېسەك قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلار شەھەر قىياپىتىگە ئاشۇنداق ئالاھىدىلىك بەخش ئەتكەنىدى. 3.3 مېتىر يېرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ئەسلىي كىتابتا چوڭ ئادەملەرنىڭ ئىككى غۇلچىنى كەڭ سوزۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۇزۇنلۇق بىرلىكى دەپ يېزىلغان، تەخمىنەن بەش چى كېلىدۇ) ئېگىزلىكتىكى چىش چوتكىسى شەكىللىك سېپىل تاملىرى شەھەر رايونى بىلەن تۆت تەرەپتىكى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنى ئايرىپ تۇراتتى. كوچىلار مىغ-مىغ ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بىلەن تولغان بولۇپ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بىلەن قايناپ كېتەتتى، بولۇپمۇ پەيشەنبە كۈنى بازار ئاجايىپ قىزىيتتى. بۇ چاغدا سەھرادىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرگە نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى كېلەتتى، قەشقەردىكى سارتلارنىڭ خاراكتېرى سېمىتلار (بۇلار ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا بابىلۇنلۇقلار، ياشۇلۇقلار، ئىبرانىلار، فېنىكىيەلىكلەرنى كۆرسىتەتتى، يېقىنقى زاماندىن بېرى ئەرەبلەر بىلەن يەھۇدىلارنىلا كۆرسىتىدىغان بولدى ــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) نىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى چاررۇسىيە تەۋەلىكىدىكى سارتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردىكى سارتلارنىڭ ئارىسىدا ئىران قان سىستېمىسىغا تەۋە ئادەملەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، كوچا-كويلاردا بولۇۋاتقان سودا-سېتىقلار سارتلارنىڭ ئۈمىدۋار، ئالغا ئىنتىلىدىغان، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان ئالاھىدىلىكىنىمۇ نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى لايدىن قويۇپ قۇرۇتۇلغان كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ خېلى ئازادە ئىدى؛ تام-تورۇسلار سامان ئارىلاشتۇرۇلغان كاكۇل بىلەن سىلىق سۇۋۇلاتتى. بۇ ئۇسلۇبتا سېلىنغان ئۆيلەر قارا يامغۇر ياغقاندا بۇزۇلۇپ كېتىشتىن خالىي بولالمايتتى، ھەتتا ئادەتتىكىچە يەر تەۋرەشكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۆي ئىچىنىڭ زىننەتلىنىشى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، بىر بۇلۇڭغا جايلاشتۇرۇلغان موربىلارنىڭ تۆۋەنكى قىسمى كولىنىپ ئوچاقلار ياسىلاتتى، يەرگە سېلىنغان بىر-ئىككى پارچە كونا كىگىز-پالاسلار ئۈستىدە شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بەرى ئورۇن سېلىپ يېتىشاتتى. ئاجىز، سۇس كۈن نۇرى ئۆگزە ئۈستىگە قويۇلغان تۈڭلۈكلەردىن ئۆي ئۈستىگە چۈشۈپ، ئەتراپنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ تۈڭلۈكلەر بىر تەرەپتىن موردىن يانغان ئىسلارنى چىقىرىۋېتىش رولىنى ئۆتىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھەم شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئەسلىھە رولىنى ئۆتەيتتى. پاختىلىق تۆشەك سېلىنغان ئورۇننىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى مەخسۇس ياسالغان ئورۇندۇق ئۈستىگە يېلىنجاپ تۇرغان چوغ كۆمۈر قويۇلغان مېتال سەندەللەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ قىشنىڭ ھەم سوغۇق، ھەم ئۇزاق كېچىلىرىدە شۇ ئائىلىدىكىلەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇلار كېچىدىكى يورۇتۇش ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياغ قۇيۇپ پىلىك سېلىپ ياندۇرىدىغان ساپال چىراغ، سۇ قاينىتىپ چاي ئىچىش ئۈچۈن شەرق پاسونىدا ياسالغان چەپچەگىلىك چۆگۈن، ساپال تاۋاقلارنى ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ بەرى ئاشۇ سارتلارنىڭ ئائىلە سەرەمجىنى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇلارغا يەنە كەتمەن، كېۋەز تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى سايمان قاتارلىقلارنى قوشقاندا ئوتتۇراھال بىر ئائىلىنىڭ ھەممە بىساتى پەقەت ئاشۇ نەرسىلەردىنلا ئىبارەت ئىدى.

قەشقەرلىك سارتلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىمۇ بەك ئاددىي بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئوزۇقلۇق ماتېرىيالى قوي مېيى ۋە باش پىياز قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار بارلىق غىزالىرىغا ئاشۇ ئىككى خىل ماتېرىيالنى قوشۇپ ئىستېمال قىلاتتى. ياز پەسلىدە بولسا ئاساسلىقى مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارغا تايىنىپ جان باقاتتى. شورپا، گۆشلۈك تائاملار، بولۇپمۇ قاقلاپ پىشۇرۇلغان كاۋاپلار ئۇلارغا ئاز نېسىپ بولىدىغان لەززەتلىك نازۇ نېمەتلەر ئىدى.

بۇ شەھەردىكى سارتلار بىرئاز ھۇرۇن كېلەتتى، يېنىدا بىر تەڭگە پۇل بولسىلا شۇنىلا خەجلەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئىش بىلەن خۇشى يوق ئادەملەر ئىدى. قوغۇن پىشقان چاغلار پۈتۈن يىل ئىچىدىكى ئەڭ خۇشاللىق مەزگىل ھېسابلىناتتى. بۇ چاغدا ئۇلار ھېچقانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولماي، پۈتۈن كۈنبويى ئاشۇ ئاجايىپ لەززەتلىك مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ يۈرۈشەتتى. مەن شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوغۇنلارنىڭ تەمى باشقا ھەرقانداق جايدىكى قوغۇنلارنىڭ تەمىدىن تاتلىق ئىكەن، قوغۇن پىششىقىدا بۇ يەردىكىلەرنىڭ خۇشال كۈلكە، ناخشا-چۇقانلىرى ئۈزلۈكسىز ياڭراپ تۇراتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئۇلاردا مەنىۋى ئوزۇق كەم، مەدەنىيەت سەۋىيە نىسبەتەن تۆۋەن ئىكەن. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى پەقەت يېنىدىن ئاجرىتالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ ناھايىتى موللۇقىغا قاراپ،

غايىۋى دۇنياغا ئىنتىلىش روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ھېس قىلدىم. ئۇنداق بولمىغاندا تەرەپ-تەرەپتە ئايلىنىپ يۈرۈپ ۋايىزلىق قىلىدىغان مەدداھلار بۇ يەردە مۇنداق ئالقىش ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە سازاۋەر بولمىغان بولاتتى. بۇ مەدداھلار كوچا دوقمۇشلىرىدا، كەڭ مەيدانلاردا ئۆزلىرىنىڭ تەڭداشسىز ئۇتۇق قابىلىيىتى بىلەن قەدىمكى دەۋرلەردىكى شانلىق قىسسەلەرنى ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولسا، نۇرغۇنلىغان قېرى-ياش، ئۇلۇغ-ئۇششاقلارنى بىردەمدىلا يانلىرىغا يىغىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلالايتتى. مەدرىسلەردە (كونىچە مەكتەپلەر - ت) ئوقۇش يېشىدىكى باللارغا پەقەت خەت تونۇش ھەم كىتاب ئوقۇشتىن ساۋات بېرىلەتتى. بۇلارنىڭ بىردىنبىر ئوقۇش قوراللى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سۈرە-ئايەتلىرى، دىنغا ئائىت كىتابلار بىلەن شېئىرلار توپلاملىرى ئىدى.

جۇڭگو قوشۇنلىرى سېسىق نامى پۇر كەتكەن يېڭى شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايدىكى قارارگاھتا تۇرىدىغان بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى زەھەرگە خۇمار بولۇپ قاپتۇ. شۇ ئەتراپتا تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرمۇ ئەپيۇنكەشلىكنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامانلىق تاپالماپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن بەك يىراق يەردىكى بۇ ئۆلكىدە ئاللىقاچان جاكارلانغان ئەپيۇن چېكىشنى چەكلەش بۇيرۇقى بىر پارچە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ، ئۆز رولىنى يوقاتقان بولسا كېرەك.

قەشقەر ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ زور تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ غەربىي تەرىپى پامىر ئېگىزلىكى بىلەن، شىمالىي تەرىپى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى ئالتۇنتاغ (قاراقۇرۇم تېغى دەپ ئېلىنىشى كېرەك ئىدى - خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىزاھاتى) بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن ئېگىز تاغلاردىن شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشكەن سۇلار ئاخىرىدا يىغىلىپ، بىردىنبىر چوڭ دەريا تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز بولغان بۇ كەڭ زېمىنغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. قار-مۇزلار ئېرىيدىغان پەسىلدە تارىم دەرياسى سۇغا تولۇپ، شەرققە قاراپ ئۆركەشلەپ ئېقىپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، ئاياغ ئېقىمىغا كەلگەندە سۇ مىقدارى بارا-بارا ئازلاپ، ئاخىرىغا بارغاندا قۇرۇپ كېتىدۇ. لوپنۇر كۆلى قەشقەرنىڭ شەرقىگە — نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى جۇڭگونىڭ شىمالىي سېرىق تۇپلىكىدىكى يەرلەرگە ئوخشاش ئەزەلدىن مۇنبەت ھەم ئۈنۈملۈك. بۇ بىزگە تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى بويلىرىغا جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ — بولۇپمۇ قەشقەر، زەرەپشان (يەكەن) ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ قەدىمىي سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىغا تايىنىپ ئاۋاتلاشقان ھەم گۈللەنگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ جايلاردا ھەر خىل ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغاندىن باشقا يەنە جەنۇبقا خاس مېۋە-چېۋىلەر، بولۇپمۇ ئۈزۈم قاتارلىقلار كەڭ دائىرىدە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يەرنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرى، قوي-ئۆچكە يۇڭلىرى، خام مەشۇت يىپلىرى ئاجايىپ داڭلىق. مەن يۇقىرىقى ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىن خاتىرە دەپتىرىمگە «نېمىدېگەن ئۈنۈملۈك تۇپراق-ھە بۇ! مۇبادا مەن ھاسامنى مۇشۇ يەرگە سانجىپ تۇرغۇزۇپ قويسام، بىخ يېرىپ كۆكلەپ بىر يىلدىن كېيىن بىر تۇپ باراقسان دەرەخكە ئايلىنىدىكەن ئەمەسمۇ! نېمىنى تىكسەڭ شۇ نەرسە زايە كەتمەي كۆكلەيدىغان يەركەنغۇ! ...» دېگەن قۇرلارنى يازدىم.

MIRAS

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى تاغ تىزمىلىرى باغرىغا جايلاشقان قەشقەردىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي بوستانلىق جۇڭگو بىلەن ھىندىستان، ئىران ھەم غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. تارىختا جۇڭگو «قەدىمىي يىپەك يولى» ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ياۋروپاغا ئېلىپ باراتتى. پەقەت مۇشۇ ئۇلۇغ بىر يول (ئۆتكەل) بولغانلىقى ئۈچۈن زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ جۇڭگو، ھىندىستان ۋە يۇنان-رۇمدىن ئىبارەت قەدىمىي ئۈچ چوڭ دۆلەت ياراتقان شانلىق سەمەرىسى ئۆزئارا ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. بۇددا دىنى بىلەن خرىستىيان دىنىمۇ مۇشۇ يىپەك يولى ۋە دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگو مەركىزىي سۇلالىلىرىغىچە تارقالغانىدى.

خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ئېرشادىي
(ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە قومۇل شىۋىسى

ئۆمەر ئالىپ

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

57. بوقۇردى «دىۋان»دا «(3-368) يونىدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە ياغاچنى ياكى باشقا شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى چوڭقۇرراق كېسىش، يونۇشقا قارىتىلغان.

58. بىرنىڭ «دىۋان»دا «(3-504) بىر ئوق يېتىم يەر» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «ئۇ نەرسە بىرنىڭ يېرىدە قالدى» دېگەندەك.

59. بوجۇما «دىۋان»دا «(3-1175) بوغجۇما، بوخچا» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە ئىرىدىن يامانلىغان ئاياللار كىيىم-كېچەكلەرنى بىر رەختكە ئوراپ چىگىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ماڭغان بولسا، «يامانلاپ بوجۇمىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ» دەيدۇ. بوجۇما — گۈل كەشتىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئالاھىدىرەك رەختتە ئىشلىنىدۇ.

60. بۆزلەندى «دىۋان»دا «(3-272) بۇ سۆز قومۇل شىۋىسىدە ئەينەن ساقلانغان. مەسىلەن: باللارنىڭ ئىگىن-ئاياغلىرى توپىغا بۆزلىنىپ كەتتى، دېگەندەك.

61. بار «دىۋان»دا «(3-595) بارلىق، قولدا بار، باي» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

مەسىلەن: قول ئىلكىدە بار ئادەم (باي ئادەم)

«بارغا باتۇر» (ماقال)

62. بىلىش «دىۋان»دا «(1-475) تونۇش-بىلىش» دەپ ئىزاھلانغان، بۇ سۆز قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

63. بىلە «دىۋان»دا «(1−561) بىرلە، بىلەن» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «ئەمەت بىلەن بازارغا باردىم» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

64. بۇلاق «دىۋان»دا «(1−492) بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى، ئۇلارنى قىپچاقلار ئەسىر ئالغاندى. كېيىن ئۇلۇغ تەڭرى ئۇلارنى قۇتقازدى ۋە ئۇلار ‹ئەلكە بۇلاق› دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە «ئەلكە»، «ئەلكە بۇلاق» دېگەن سۆزلەر كۆرۈلىدۇ. بۇلار يەر ناملىرى بولۇپ، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە.

«ئەلكە بۇلاق»، «ئەلكە» سۆزى قومۇل خەلق ناخشىلىرىدا بار:

«قوش سوغامدا سۇ ئەپكەلدىم
ئەلكە بۇلاقتىن.
سەن يارىمنى دەپ كەلدىم
شۇنچە يىراقتىن».
«ئەلكىدە تاۋۇز تېرىپ قاپاق باراڭلىق قىلدىلا،
يار ئۈستىگە يار تۇتۇپ ئەجەب ساراڭلىق قىلدىلا».

65. بۇگۇر «دىۋان»دا «(1−468) كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇلنىڭ توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانىدا «بۇگۇر» دېگەن ئەترەت بار ھەم «بۇگۇر» بىلەن قارلۇق غولىنىڭ ئارىلىقىدا بۇددا دىنى دەۋرىدىكى بىر قەلئە خارابىسى بار.

پ

66. پو «دىۋان»دا «(3−286) بۇغ، ھور، قازاننىڭ ھورى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن: ئوتنى ئۇلۇغ قالاپتىمەن، قازاندىن كۆچلۈك پو (ھور) چىقتى. بۇ ئۇنىڭ پوسىنى قويدى (ئىدىيوم، يامىنى ئاچتى مەنىسىدە).

67. پۇلدى «دىۋان»دا «(3−368) پىشۇردى، دۇملەپ پىشۇردى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ «دىۋان»دىكىگە ئاساسەن ئوخشاش «ئۆينى ئىسقا پۇلدى» دېيىلسە، ئىسقا توشۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كەندىرنى ياغ باسماقچى بولسا، ئۇنى يىرىكرەك تاشتىن ئۆتكۈزۈپ، داشقازاندا پۇلايدۇ (دۇملەيدۇ). ئاندىن ياغ باسسا، چىققان ياغ تەملىك ھەم مەززىلىك بولىدۇ.

68. پوشكال «دىۋان»دا «(1−628) پوشكال بىر خىل يۇپقا نان، خاقانىيە تىلىدا» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ يىل 93 ياشقا كىرگەن ئانام «ياپما قىلىپ بېرەي» دېمەيدۇ، بەلكى «پوشكال يېپىپ بېرەي» دەيدۇ. ئاپامنىڭ پوشكال قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: پېتىر خېمىرنى ئۇنى خالو (نوغۇچ)تا بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ يۇپقا يايىدۇ. ئاندىن ئۇنى قازاندا چوۋارتىدۇ. گۆش ئاساسەن پىشقاندا چوۋارتىلغان خېمىرنى مايلاپ گۆشنىڭ ئۈستىگە ياپىدۇ. پىشقاندا خېمىر كاللەكلەشمەيدۇ، ۋاراق-ۋاراق چىقىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا قىلىنغان پوشكال بەك مەززىلىك بولىدۇ. بۇ تاماق ھازىر «قومۇل ياپمىسى» دېيىلىدىغان بولدى.

دېمەكچىمەنكى، خاقانىيە تىلىدىكى پوشكال بىلەن قومۇللۇقلارنىڭ پۆشكىلى ئوتتۇرىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت بار، ئوخشايدىغان يېرىمۇ بار.

69. تېزىك «دىۋان»دا «(1−502) تېزىپ كەتمەك، خەلق ئارىسىدا يۈز بەرگەن تېزىش، ۋەھىمە، ئىشتىن قاچىدىغان كىشى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە مەنىسى سەل تارايغان بولۇپ، «ئۇ پۇل قوغلىشىپ تۇغقانلاردىن تەزدى» دېيىلسە، تۇغقانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

70. پاچىق «دىۋان»دا «(1−610) پاچىق، پاتقاق، ئوغۇزچە» دەپ ئىزاھلانغان.

ئىچكىلى چاي بولسىچۇ،
ئوينىغىلى يار بولسىچۇ.
سېنىڭدە يار بولغۇچە،
پاچىق بىلەن لاي بولسىچۇ؟

قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە. ئەمما «پاچىق» سۆزى تام سۇۋۇلىدىغان، ئۆگزىگە ئالىدىغان، تونۇر قىلىشتا تەييارلانغان، كېسەك قۇيۇشتا تەييارلانغان لايغا قارىتىلغان. ئادەملەر ئۆز قولى بىلەن قىلمىغان، تەبىئىي سۈيۈق ھالەتتىكى لايلارنى «پاتقاق» دەيدۇ.

71. پۇچۇق «دىۋان»دا «(1−489) پۇچۇق، كەمتۈك، كېسىلگەن، پۇچۇلغان نەرسە، ھەر قانداق نەرسىنىڭ يېرىمىمۇ پۇچۇق دېيىلىدۇ» دېيىلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش. مەسىلەن: مەن بۇ رومانىنى چالا-پۇچۇق كۆرگەن، قارىغۇنىڭ نېمىسى بار دېيىلسە، پۇچۇق يارمىقى (يېرىم يارماق) دېگەندەك.

72. چاۋۇش «دىۋان»دا «(1−477) چاۋۇش جەڭلەردە سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش قىلمىغان

uyghurkitap.com



چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان ئەسكەر» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ سۆز ئازادلىقتىن ئىلگىرى پەننىي مەكتەپلەردىكى «سىنىپ باشلىقى»، «كوماندىر» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ت

73. تۇش «دىۋان»دا «(431-1) تۇش-چۇش سەپەردە دەم ئالىدىغان ئورۇن ياكى ۋاقىت» بۇ چۈشۈش ۋاقتى، چۈش ۋاقتى دېگەن بولىدۇ» دېيىلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «دىۋان»دا كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاش ئەينەن ساقلانىدى. «تۇشكۇن قىلىدىغان جاي» دېگەن سۆزلەرمۇ بار. بۇ سۆز بىر تەرەپتىن كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان جاي مەنىسىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن دەم ئالىدىغان ئورۇن دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

74. تۇم «دىۋان»دا «(438-1) ھايۋانلارنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرۈشتە «توق» دېگەن مەنىنى بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى سۆز، تۇم قارا ئات» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

75. تەرس «دىۋان»دا «(453-1) تەس، قىيىن» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «تەس، قىيىن» دېگەن مەنىدىن باشقا «تەتۈر» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: چاپاننىڭ ئوڭ تەرسىنى بىلىپ كىيىڭ (تەتۈرسى). ئۇ تەرسا ئادەم (تەتۈر ئادەم) دېگەندەك.

76. تۇشاق «دىۋان»دا «(539-1) تۇشاق-چۈشەك، ئات چۈشكى، ئاتنىڭ ئالدى پۇتىنى چۈشەپ قويىدىغان چۈشەك» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

77. توراق «دىۋان»دا «(611-1) توغراق» دېيىلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «غ» ھەرپى چۈشۈپ قالغان ھالدا ئۆزلەشكەن.

78. تۆركۈن «دىۋان»دا «(575-1) ئۇرۇق-ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ توپلىنىدىغان يېرى؛ ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدىكى «تۆركۈن» دىۋاندىكى بىلەن ئوخشاش شەكىل ۋە مەنىگە ئىگە بولۇپ، تىل ئىستېمالىدا يالغۇز قوللىنىلمايدۇ. جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: توي-تۆركۈن دېگەندەك. ئەمما «قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيى» دېگەن نامدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

79. تورۇقتى «دىۋان»دا «(158-2) تورۇپ قالدى، يىغلىدى، ئۆيىدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە سۆزنىڭ شەكلى ئوخشىسىمۇ مەنىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: «ئانىسىدىن كىچىك قالغان بۇ نارسىدىگە قاراپ ئىچىم تورۇقتى» دېگەن جۈملىدە «يىغلىغۇم كەلدى» دېگەن مەنە بار.

80. تىقتۇردى «دىۋان»دا «(245-2) تىقتۇردى، ئۆزنى چىڭداپ قويدۇردى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش.

مەسىلەن: ئۇ خالتىسىغا ئۇن تىقتۇردى (چىڭداپ قاچىلاتتى).

81. تۇتتۇردى «دىۋان»دا «(246-2) تۇتتۇردى-تۇتقۇزدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە ئەينەن قوللىنىلىدۇ.

82. تىلدۇردى «دىۋان»دا «(246-2) تىلدۇردى، ئادەم قىيىش تىلدۇردى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدىمۇ بۇ سۆز شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش.

مەسىلەن: ئۇ ماڭا قوغۇن تىلدۇردى دېگەندەك.

83. تىندۇردى «دىۋان»دا «(250-2) نەپەس ئالدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ بىر ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىلىپ، كۆڭۈل خاتىرجەم بولغانلىق مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ ئۆيلىنىپ كۆڭلىنى تىندۇردى.

84. تۇرغۇزدى «دىۋان»دا «(252-2) تۇرغۇزدى، قوپقۇزدى، قوپاردى» دەپ ئىزاھلەنغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ بۇ سۆز شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

85. توشقۇردى «دىۋان»دا «(253-2) توشقۇردى، توشقۇزدى» دەپ ئىزاھلەنغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش.

86. تىشلەتتى «دىۋان»دا (502-2) تىشلەتتى، چىشلەتتى» دەپ ئىزاھلەنغان.

بۇ سۆز شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

87. تېيىتتى «دىۋان»دا «(482-2) تايدۇردى، يالتايدى» دەپ ئىزاھلەنغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

88. تەپچىنتى «دىۋان»دا «(482-2) تەپچۇتۇپ تىكئۆەردى» دەپ ئىزاھلىغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئىككى پارچە رەختنى جۇپلەپ، تەڭلەشتۈرۈپ قولدا تىكىش «تەپچىپ تىكىش» دېيىلىدۇ. ئىككى پارچە رەختنى تەڭلەشتۈرۈپ قىرغىقىنى يۇمۇپ تىكىش «يۆرمەپ تىكىش» دېيىلىدۇ.

89. تۇشۇردى «دىۋان»دا «(103-2) تۇشۇردى، چۇشۇردى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەينەن ساقلانغان.

90. تۆگۈردى «دىۋان»دا «(111-2) تەگدۇردى، تەگكۈزدى، يەتكۈزدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش ساقلانغان.

91. تۇش «دىۋان»دا «(172-3) تۇش، ئۇدۇل، بىر نەرسىنىڭ تۇشى، ئۆيۈمنىڭ تۇشى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش شەكىل ۋە مەنىگە ئىگە.

مەسىلەن: «ئەر ئەرگە تۇش، يولۋاس تاغقا» (ماقال).
بىر كۈنى تۇش بوپ قالۇرمىز (ئۇدۇل).
ئەمما «ئۆيۈمنىڭ تۇشى» دەپ كەلمەيدۇ.

92. تۆش «دىۋان»دا «(173-3) كۆكرەكنىڭ ئوتتۇرىسى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىمۇ ھايۋانات ۋە ئادەملەرنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تۆش دەيدۇ، مەسىلەن: يالاڭ تۆش (گاداي، ئىدىيوم) قوينىڭ تۆشى.

«ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق تۆش ئۇۋۇلاڭنى تارتماي،
بۇ دەرتلەرنى كىم تارتسۇن، سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي».

93. تىش «دىۋان»دا «(173-3) تىش، ئادەم ۋە باشقىلارنىڭ چىشى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

94. توغ «دىۋان»دا «(175-3) توزان، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ-توزان» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە ئۆينى توغ-تۇمان بېسىپ كەتتى، (چاڭ-توزان) ئۈزىگە توغ قوندۇرماسلىق (ئىدىيوم) «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

«ئاندا يارىم كېلىدۇ
توققۇز داۋانلارنى داۋاپ.
ئاي يۈزىگە توغ قونۇپتۇ
يامان ئاتلارنى ساۋاپ».

95. تىشى «دىۋان»دا «(310-3) tixi تىشى-چىشى، ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئەركەك-چىشىسى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە:

«قىي قى... قىزىل مۇرا، ئەركەك، تىشى
سوغۇن بىلەن نان بېرىدۇ مەزلۇم كىشى» دېگەن «رامزان قوشىقى»دا «تىشى» دېيىلگەن.

96. تۆگە «دىۋان»دا «(317-3) ئاقلانغان تېرىق، سۆك، ئوغۇزچى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە تۆگە — ئاقلانغان تېرىقتا ئېتىلتىدىغان بىر خىل تاماق.

مەسىلەن: «تۆگە ئىچتىم توق، يۆگۈرۈپ قوپسام يوق» دېگەندەك.

97. تېقي «دىۋان»دا «(313-3) «تېخى، يەنە، بىللە» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇلدا «تېقي» بىر چوڭ جەمەتنىڭ لەقىمى (مەن ئاشۇ جەمەتتىن).

98. تەلۋە «دىۋان»دا «(320-3) ئەخمەق، ھاماقەت، ئوغۇزچى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «تەلۋە، دىۋانە، ھېلىم دىگانە» دېگەن تەمسىل بار. بېدىنىڭ ياۋىسىنى تەلۋىيدە (بېدە) دەيدۇ. «يەتتە ئۇرۇقنى تونۇمىغان ئۇي تەلۋە» دېگەن گەپمۇ بار. يۇقىرىقىلار «دىۋان»دىكىگە تامامەن ئوخشاش مەنىدە.

قاخ قوشىقى:

«ياغلىقىم بىتەر-بىتەر،خەقلەر كۆرسە نېمە دەر،
بىلگىنى دەردى بار دەر، بىلمىگەنلەر تەلۋە دەر».

99. توش «دىۋان»دا «(226-3) تاۋۇش، تىۋىش، شەپە» دەپ ئىزاھلانغان.

«يانچۇقۇمدا داچىنىم، چىڭغىرايدۇ توش قىلىپ،
كېتەركەن خەقنىڭ يارى بىردەم كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ».

قومۇل شىۋىسىدە ئادەمنىڭ توشى كېلىۋاتىدۇ (شەپىسى).

ئۈن-توش يوقمۇ؟ (تىۋىش).

100. تايدۇردى «دىۋان»دا «(266-3) تايدۇردى، تېيىلدۇردى» دەپ ئىزاھلانغان.

«تايدۇردى» دېگەن سۆز قومۇل شىۋىسىدە «يالتايتتى» دېگەن مەنىدە. ئەمما «تېيىلدۇردى» دېگەن

www.uyghurkitap.com



مەنىدە كەلمەيدۇ. مەسىلەن: ئۇ مېنى ماشىنا ئېلىشتىن تايدۇردى (يالتايتتى).

101. تۇر، تۇرا «دىۋان»دا «(305ـ3 تۇرا، دۈشمەندىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھەرخىل ۋاستىلەر» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇلدا «تۇرا» كۆپ، 70 تىن ئارتۇق «تۇرا» بار. قومۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كەنت، مەھەللىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۇرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تۇرۇغا چۈشۈپ چىقتىم دېگەندەك. مەسىلەن: پالچانتۇر (يېزا نامى)، ئاياق تۇر، ئەلكە تۇر، بوچى تۇر، قاغا تۇر... ساڭتۇر (خوتۇنتام كەنتىدە).

102. تۇندى «دىۋان»دا «(372−3) تۇندى ئۇ مۇندا تۇندى، يەنى مېنىڭ يېنىمدا تۇندى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدىمۇ شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش.

تۇنەش ــ ئۇخلىماي بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈش مەنىسىدە.

103. تاۋا كۆردى «دىۋان»دا «(439−3) تاۋلىدى، تاپا قىلدى، تاپا-تەنە قىلدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدە «تاۋا كۆردى» دېگەن سۆز «مەسخىرە قىلدى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «تاۋا يولى تار» دېگەن ماقالمۇ بار.

104. تاغىل «دىۋان»دا «(499−3) ئالدىنقى پۇتلىرىدا يول-يول سىزىقلار بولغان كېيىك» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدە سۆزنىڭ شەكلى «دىۋان»دىكىدىن ئازراق پەرقلەنسىمۇ مەنىسى ئوخشاش.

مەسىلەن: ئاۋۇ جايدا ئالا-تاغىل بىر نەرسە كۆرۈندىغۇ؟

تاغىل مۈشۈك (بەدىنى يول-يول سىزىقلىق مۈشۈك).

105. تۆشەك «دىۋان»دا «(503−1) ئورۇن-كۆرپە» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇلدا بۆشۈكنىڭ تاختىيى ئۈستىگە يۇڭ ياكى پاختىدىن قىلىن بىر قەۋەت كۆرپە تەييارلىنىدۇ. بۇ قومۇل شۇۋىسىدە «يەر تۆشەك» دېيىلىدۇ. بۇ «يەر تۆشەك»نى «ئوردا» دەپمۇ ئاتايدۇ. «ئوردا» دېگەندەك بۆشۈكتىكى بوۋاق «پادىشاھ» قاتارىدا چوڭ سانىلىپ، ياتقان يېرى «ئوردا»غا ئوخشىتىلغان.

يۇقىرىقى باياناللار «دىۋان»دىكى بىلەن تامامەن ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

106. تاڭزىماق «دىۋان»دا «(536−3) ئېسىلماق، كۆپمەك» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدە «چىڭقىلماق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسىلەن: بېشىم تاڭزىپ (چىڭقىلىپ) ئاغرىۋاتىدۇ، دېگەندەك.

107. تۇشۇردى «دىۋان»دا «(103−2) تۇشۇردى، چۈشۈردى، چۈشۈرۈپ قويدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدە «تۇشۇردى» دېگەن سۆز «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

مەسىلەن: ئۇلار ماشىنىدىن يۈك تۇشۇردى.

108. تامدۇردى «دىۋان»دا «(249−2) تامغۇزدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شۇۋىسىدە «ت» تاۋۇشى «د»غا ئالماشقان.

109. تۆكتۈردى «دىۋان»دا «(246−2) تۆكتۈردى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شۇۋىسىدە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئېتىزغا قوم تۆكتۈردى.

110. توشقۇردى «دىۋان»دا «(253−2) توشقۇردى، توشقۇزدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شۇۋىسىدە «q» تاۋۇشى «k»غا ئالماشقان.

111. تۇرغۇردى «دىۋان»دا «(252−2) تۇرغۇزدى، قوپقۇزدى، قوپاردى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدە شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش ساقلانغان.

مەسىلەن: ئۇ مېنى ناھايىتى قىيىندا ئورنۇمدىن تۇرغۇردى.

112. تۆگۈردى «دىۋان»دا «(111−2) تەگدۈردى، تەگكۈزدى، يەتكۈزدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۇۋىسىدە بۇ سۆز شەكىل جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، مەنىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش.

113. تېرەن «دىۋان»دا «(505−3) تېرەن، چوڭقۇر، تېرەن دېڭىز. ئوغۇزلار ھەر قانداق چوڭقۇر ۋە چوڭ نەرسىنى ‹تەرلىك› دەيدۇ. كەڭ سايلارنى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان يوللارنى ‹تەرلىك ئورى› دېيىش شۇنىڭدىن قالغان» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شۇۋىسىدىكى تېرەن ــ چوڭقۇر دېگەن مەنىدە بولۇپ،

بىلىمى چوڭقۇر ئالىملارنىمۇ «تېرەن موللا» دەپ ئاتاش مەۋجۇت. ئەمما كەڭ ساي، ئۇزۇن يوللارنى «تېرەن» دېمەيدۇ.

114. تورا «دىۋان» «(379–3) توغرا، ئەت (گۆش) توغرىدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «غ» ھەرپى چۈشۈپ قالغان. مەنىسى توغرا. «غ» تاۋۇشنى چۈشۈرۈپ قويۇش قومۇل شىۋىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

115. تولاق «دىۋان»دا «(420–2) تولغاق، جاپا. بۇ سۆزنىڭ ئەسلي مەنىسى «تولغاق»دۇر. ئۇنىڭ قارنى تولغىدى، يەنى قورسىقى تولغاپ ئاغرىدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە قورساقتىكى ھامىلىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى قورساقنىڭ ئاغرىنى «تولاق» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزدىمۇ «غ» ھەرپى چۈشۈپ قالغان.

116. تولا «دىۋان»دا «(420–2) تولغا، بورا» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «غ» چۈشۈپ قالغان بولۇپ، مەسىلەن: ماشىنىنىڭ رولىنى ئوڭغا تولا (تولغا، بورا) دېگەندەك.

117. توڭگۇز «دىۋان»دا «(502–2) توڭگۇز. قومۇل شىۋىسىدە دىۋاندىكىگە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاش.

118. تۆلۈكلىك «دىۋان»دا «(504–1) ئېغىز، تۆشۈك، جىرا» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن باغداش ئەترىتىگە چىقىدىغان يولدا بىر تاغ ئېغىزى بار. بۇنى «تۆلۈكلىك» دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «تېلىك» بولۇپ، «ئېغىز» مەنىسىدە.

119. تۇرپىك «دىۋان»دا «(622–1) تۇرپىك، چوسپا» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

120. تۆگەن «دىۋان»دا «(412–3) داغلىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «تۆگەن» سۆزى باشقا مەنىدە بولۇپ، خى (ئەرمەن) دېگەن ئوتنى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى يىغىپ، قۇرۇتۇپ بارماقتەك چوڭلۇقتا پىلىك قىلىپ ياسايمىز. بۇ «تۆگەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بىر خىل ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ داۋالاش ئۇسۇلىدۇر. بۇنى جۇڭگو تېبابىتىدە ۋە مىللىي تېبابەتتىمۇ قوللىنىدۇ.

121. تۆزمەك «دىۋان»دا «(253–3) ئېچىرقىدى» دەپ ئىزاھلىنغان.

قومۇل شىۋىسىدە «ئېچىرقاش» مەنىسى يوق بولۇپ، «كۆنۈش» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ بۇ يەرنىڭ سۇيىگە تۆزمىدى (كۆنمىدى).

122. تۇتۇش «دىۋان»دا «(492–1) پىچىۋېتىلگەن، ئاختا» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «تۇتۇش» سۆزى «خەتنىسىنى قىلىش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى بۇيرۇق پېئىل «تۇت» دۇر.

123. تەيزاك «دىۋان»دا «(170–3) يايلاق ئىسمى» دەپ كۆرسىتىلگەن. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ توغۇچى دېھقانچىلىق مەيدانى بوگور ئەترىتىنىڭ شەرقىدە «تەيزاك» دېگەن ئۆستەڭ بار. ئىككى تەرىپى شۇنداق بولاقلىق بولۇپ، مال-ۋارانلار ئوتلاشقا بولىدىغان جاي.

124. تۇنجۇقتى «دىۋان»دا «(329–2) تۇنجۇقتى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە تامامەن ئوخشاش ساقلانغان.

125. تۇشلاتتى «دىۋان»دا «(500–2) ئۇدۇللاتتى، ئۇدۇل قىلدۇردى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

126. تىن «دىۋان»دا «(187–3) تىلىڭ، ئارام ئالغان، بىكار» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن: تىن تاپمىغۇر (بىكار تۇرماس).

127. تاز «دىۋان»دا «(203–3) ئۆسۈملۈك ئاز ئۈنىدىغان، زەي، شورلۇق يەر» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ يېزىسىدا «تازتۇر» دېگەن مەھەللە بار. بۇ جايدا تاز ئادەم يوق. ئەينى چاغدا زەي، شورلۇق بولۇپ، «تۇرا»سى بار. شۇڭا «تاز تۇر» دەپ ئاتالغان.

128. تايغان «دىۋان»دا «(240–3) تايغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

129. تاندى «دىۋان»دا «(255–3) تاندى. ئۇ قەرزدىن باشقا نەرسىلەردىن تاندى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

130. تۈيدۈردى «دىۋان»دا «(267–3) تۈيدۈردى، بىلدۈردى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئەينەن ئىشلىتىلىدۇ.

131. تۆۋە «دىۋان»دا «(298–3) تاغ تۆپىسى»

www.uyghurkitap.com



دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە ئۆينىڭ ئۆگزىسى، تۆۋسى (تۆپسى) دېيىش ئادەتلەنگەن. «دىۋان» دىكىگە ئوخشاش «تاغ تۆپسى» دېيىلىدۇ. ئەمما «ئۆينىڭ تۆۋسى» دېگەندەك «تاغ تۆۋسى» دېيىلمەيدۇ. «تاغ تۆپسى» دېيىلىدۇ.

132. تەگدى «دىۋان»دا «(3−396) تەگدى، خاپا قىلدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئاچچىقلىنىش «تەگەش» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر «تەگىشىپ قالدى» دېيىلسە، «تاكاللاشتى، بىر-بىرى بىلەن ئاچچىقلىشىپ قالدى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

133. تىشلىدى «دىۋان»دا «(3−402) تىشلىدى چىشلىدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەينەن ساقلانغان.

134. تەڭ «دىۋان»دا «(3−485) تەڭ، باراۋەر، تەڭتۇش دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدىمۇ «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

«نان تەڭ، ئاش تەڭ، سول نېمىشقا كەڭ» خەلق ماقالىسى.

135. تۆرەلدى «دىۋان»دا «(3−358) تۆرەلدى، يارىتىلدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە «ھارامدىن تۆرەلگەن» دېگەن سۆز بار.

136. تېش «دىۋان»دا «(3−594) خاتىرجەم، تېچ» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدىمۇ ئوخشاش. كونا ئادەملەر «تېش قوندىلامۇ ؟»، «تېش ئامان تۇرۇپتىلا» دېگەندەك سۆزلەر كۆرۈلىدۇ. ئەدەبىي تىلدا «تىنچ» دېگەن مەنىدە.

137. تېپەك «دىۋان»دا «(1−501) تەپكۈچ، تېپىك» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە «باللار تېپەك (تەپكۈچ) ئوينىدى، ئۇنى بىر تېپەك تەپتىم» دېگەن سۆزلەر كۆرۈلىدۇ. دىۋاندىكىگە سۆز شەكلى بىر ئاز ئوخشىمايدۇ، مەزمۇن ئوخشاش.

138. تاتىق «دىۋان»دا «(1−530) تېتىق، تاتلىق» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ سۆز قومۇل شېۋىسىدە «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش. تاتىق قوغۇن. بۇۋا «تاتاق» بەر (باللار تىلى).

139. تۇسقا «دىۋان»دا «(1−553) يولغا چىققان تۇغقان ياكى تونۇشلارغا يوللۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىك» دەپ ئىزاھلانغان. «دىۋان»دىكى «تۇزغۇ» دېگەن سۆز قومۇل شېۋىسىدە «تۇسقا» دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بىرەر كىشى سەپەرگە چىقىش ئالدىدا بىرەر كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان گەپ-سۆز ئاڭلاپ قالسا، بۇ بىر «تۇسقا» بولدى دەپ خۇرسىنىدۇ. قومۇل شەھرى شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە «تۇسقا» دېگەن كونا بېكەت خارابىسى بار.

140. تومۇ «دىۋان»دا «(1−583) تومۇ، زۇكام» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە سۆز شەكلىدە ئازراق ئوخشىماسلىق بار، ئەمما مەنىسى «دىۋان» دىكىگە ئوخشاش.

141. تىرماق «دىۋان»دا «(1−611) تىرماق، يىرتقۇچ ھايۋان، قۇشلارنىڭ چاڭگىلى» دەپ ئىزاھلانغان. «دىۋان»دا يەنە «قارغاق تىرمىقى» دېگەن ئۆسۈملۈك بار، دېيىلگەن.

قومۇل شېۋىسىدە «بۈركۈت چاڭگىلى» دېيىلىپ، بۇ يەردىكى «چاڭگال» سۆز پەقەت يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ تىرنىقىغىلا قارىتىلغان. ئادەتتە «مۈشۈك تىرنىقى»، «ئادەم تىرنىقى» دېيىلىدۇ، قومۇل جاڭگاللىرىدا «قاغا تىرمىقى» دېگەن تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بار.

142. تارغاق «دىۋان»دا «(1−611) تاغاق دېيىلگەن. قومۇل شېۋىسىدە «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمايدۇ. «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

143. تىرگەن «دىۋان»دا «(1−576) ھەر قانداق توپلانغان نەرسىگە مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن. قومۇل شېۋىسىدە ئېرىق-ئۆستەڭلەرگە لاۋا-لۇقىلار توپلىنىپ، سۇنىڭ راۋان ئېقىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مانا مۇشۇ لاۋا-لۇقىلار «تىرگەن» دېيىلىدۇ.

144. تەشكۈت «دىۋان»دا «(1−589) بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن بەدەل» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە مەزمۇنى «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش، سۆز شەكلىدە ئوخشىماسلىق مەۋجۇت.

145. تەڭنە «دىۋان»دا (1−566) قومۇل شېۋىسىدە ياغاچنى ئويۇپ ياسىغان ئاشخانا جابدۇقى تەڭنە دېيىلىدۇ. قومۇل شېۋىسىدە «ڭ» تاۋۇشى «دىۋان»دىكى «گ» بىلەن ئالماشقان.

146. توقا «دىۋان»دا «(1−556) تاۋار-تۇرقا» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدىمۇ «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىدۇ.

147. تۆتۈر «دىۋان»دا «(1−548) ھەر نەرسىنىڭ

تەتۈرى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە سۆزنىڭ شەكلىدە ئازراق ئوخشىماسلىق مەۋجۇت بولۇپ، مەنىسى ئوخشايدۇ. مەسىلەن: بۆكنى تۆتۈر كىيىپتۇ دېگەندەك.

148. تۆلەك «دىۋان»دا «(537-1) تۆلەم» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە بىر قوي تۆلەككە قالدىم (تۆلەمگە) دېگەندەك سۆزلەر كۆرۈلىدۇ.

149. تېتىق «دىۋان»دا «(530-1) تېتىق، تاتلىق» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «تېتىغى يوق قوغۇن»، «ئاش تېتىغى»(سۈتتىن ئىشلەپ قۇرۇتۇلغان يېمەكلىك)، «گېپىنىڭ تېتىغى يوق»(گالۋاڭ) دېگەندەك سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ.

150. تەكەن «دىۋان»دا «(575-1) بىرەر ۋىلايەت هۆكۈمدارىغا خان تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان، مەنىسى ئىتائەت قىلغۇچى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «تەكەن خان»، «تەكەن ئايلا» دېگەندەك سۆزلەر كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىسىملار «دىۋان»دىكى «تەركەن» سۆزى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كىشىلەر خالاپ مۇشۇ ئىسىمنى قويغان.

151. تارخان «دىۋان»دا «(568-1) ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى «بەگ» مەنىدىكى مەنسەپ نامى» ئىزاھلانغان. توققۇز ئەۋلاد قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ تارىخىدا تۇنجى ۋاڭلىق ئەبەيدۇللا تارخان بەگدىن باشلىنىدۇ.

152. تۆمۈرنە «دىۋان»دا «(522-1) تۆمۈنە» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە سۆزنىڭ شەكلىدە ئازراق پەرق بار، مەنىسى ئوخشاش.

153. تۇگۇم «دىۋان»دا «(520-1) تۇگۈن» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «تۇگۇم تۇگۇلگەندەككىنە (گۈلنىڭ تۇگۈنى) ئېچىلىپ يېشىلگەندەككىنە» دېگەن بېيىت بار. بۇنىڭدىن باشقا «بوغۇمچەك-تۇگۇمچەكلەر كۆپىقۇ» دېگەندەك سۆزلەرمۇ بار، بۇ «بوغچا، سومكىلار كۆپىقۇ» دېگەن مەنىدە.

154. تېتىر «دىۋان»دا «(468-1) سۇسىز دەرەخسىز يەر» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

155. تۇگۇش «دىۋان»دا «(464-1) تۇكۇچ، چەككۇچ» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ سۆز قومۇل شىۋىسىدە ئارغامچا ياكى يىپنىڭ چىگىلگەن يېرى «تۇگۇش» دېيىلىدۇ. مەسىلەن: «جولو (ئارغامچا)نىڭ تۇگۇشلىرىنى يېشۋەت» دېگەندەك.

156. تۆرت «دىۋان»دا «(445-1) تۆت. قومۇل شىۋىسىدە «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش. قومۇل شەھرىنىڭ بەزى جايلىرىدا، ئاراتۈرۈكتە هازىر «تۆت»نى «تۆرت» دەيدىغانلار بار.

توغاش «دىۋان»دا «(593-1) يوپۇرماقلىرى سەۋشە گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ» دەپ ئىزاھلانغان، قومۇل رايونىدا «توغاش» ئىسىملىك كىشىلەر بار، ئەدەبىي تىلدا «توغاچ» دېيىلىدۇ.

157. تۇتۇش «دىۋان»دا «(476-1) كايىش، قاتتىق گەپ قىلىش» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش. مەسىلەن: ئايشەمنىڭ خۇيى تۇتۇپ قاپتۇ دېگەندەك. ئەگەر بىرەرسى نورمال ئاھاڭدا گەپ قىلغان بولسا، يەنە بىرەرسى توساتتىنلا قاتتىق تەلەپپۇزدا گەپ قىلغان بولسا، باشقىلار شۇ كىشىنى «تۇتۇپ قاپتۇ» دەيدۇ.

158. تارتۇق «دىۋان»دا «(603-1) خاقان چاقىرىقى، خاقاننىڭ بىرەر ئىش سەۋەبىدىن چىقارغان چاقىرىقى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «سوۋغا-سالام»، «مۇكاپات» مەنىسىدە «تارتۇق»نىڭ مەنىسى ئاساسەن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

## ج

159. جۇت «دىۋان»دا «(494-1) جۇدۇن» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «جېنىغا جۇت دارىغان» دېگەن سۆز بار. بۇنىڭ مەنىسى «پىششىق، بېخىل» دېمەكچى. تىل ئىستېمالىدا «يوقسىزلىق»نى «جۇتچىلىك» دەپمۇ ئاتايدۇ، شۇنداقلا ئۆيلەر سوغۇق بولۇپ، بەدەنلەر ئىسسىمسا «جۇترەڭچىلىك» دەيدۇ. «جۇدۇنۇمنى قايناتما» دېگەن سۆز غەزىپىمنى، ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

160. جار «دىۋان»دا «(203-3) جار. بالا-چاقا» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «q» تاۋۇشى «ج»غا ئالماشقان بولۇپ، سۆز شەكلىدە ئازراق ئوخشىماسلىق بار، مەنىسى ئوخشاش. مەسىلەن: بىرەر بويتاق ئايالنى بالىسى كۆپ بىرەر ئەرگە تېگەمسەن دېسە، «ۋاي-ۋۇي مەن ئۇچارنىڭ (جىق بالىنىڭ) ئىچىگە كىرەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئۈزۈك تاقاش ئادىتى

گۈلزىبا روزاخۇن

ئۈزۈك دېگەن بۇ ئۇقۇم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۈزۈك — يەنى بارماققا سېلىنىدىغان ئۈزۈك» دەپ تەبىر بېرىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئۆز ئەسىرىدە ياشىن (چاقماق) سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، قاشتېشىدىن ئۈزۈك ياساپ قولغا سېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، قاشتېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ، بۇ ئۈزۈكنى سالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق، ئۇسسىغاندا ئاغزىغا سالسا ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ»①.

ئارخېئولوگلار يەنە موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى ئۇيسۇنلار قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكتىن بىرنى قېزىۋالغان②. ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق بۇ ئۈزۈكنىڭ كۆزى قىزىل ياقۇتتىن ياسالغان، تۆت ئەتراپى يۇملاق ۋە ئۇچبۇلۇڭ شەكىللىك نەقىشلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ساپ ئالتۇندىن نەپىس ئىشلەنگەن③. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئۈزۈكلەر ئىچىدىكى ئەڭ سىپتا، كۆركەم ئىشلەنگىنى ئىكەن. كىروران قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىنمۇ خەن، جىن سۇلالىلىرىگە تەۋە ئىككى دانە گۈللۈك مىس ئۈزۈك قېزىۋېلىنغان④. بىرىنىڭ يۈزىگە ئوت-چۆپ نەقىشى چۈشۈرۈلگەن، يەنە بىرىنىڭ يۈزىگە ھايۋانات نەقىشى چۈشۈرۈلگەن⑤. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكمۇ كىروران قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئەگرى-بۈگرى سىزىقلاردىن تۈزۈلگەن يۇملاق شەكىلدە⑥. يەنە بايىنغولىن چابىغا قەبرىستانلىقىدىنمۇ بىر دانە ئۈزۈك تېپىلغان⑦. ئېللىپىس شەكىللىك، كۆزى يېشىل ياقۇتتىن قۇيۇلغان. شىنجاڭدىكى رەسمىي نام بېرىلگەن ئارخېئولوگىيەلىك مەدە-

نىيەتنىڭ بىرى بولغان خوتۇنسۇمۇل چابخا مەدەنىيىتى خارابىلىرىدىن ئۈزۈك قاتارلىق بىر قانچە ھەمدەپنە بۇيۇملارنى تاپقان.

بۇ ئۈزۈكلەرنىڭ نەقىشلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ نەقىشلىرى

تەبىئەتكە چوقۇنۇش — مەدەنىيەت شەكلىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كەڭ مەۋجۇت بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاجىز، كىشلەرنىڭ بىلىم سەۋىيەسى كەمچىل بولغاچقا، ئەينى دەۋردىكى ئادەملەر ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنغان. ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخلەرگە چوقۇنۇش تەبىئەتكە چوقۇنۇشنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپادىسى «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى دەرەخ كاۋىكىدىن قىز چىقىدىغان سۈژىت بۆلىكىدىن كۆرۈۋالالايمىز. كېيىن بارا-بارا تۆمۈر قوراللار ۋە مىس قوراللار دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

(2) ھايۋانات نەقىشلىرى

تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىز «بۆرە»، «شۇڭقار»، «يولۋاس»، «شىر»... قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆزىگە توتېم قىلغانىدى. بۇ توتېم ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقادلار كېيىنكى زامانلاردا تېخىمۇ ئومۇملىشىپ ئوبرازلىق ئۇسۇللاردا قىيا تاشلارغا، يۇڭ-توقۇلمىلارغا، مېتال بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلدى. كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا تېخىمۇ ئومۇملىشىپ كىشى ئىسىملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مەسىلەن، «يولۋاسخان»، «بۇغراخان»، «ئارسلانخان» قاتارلىقلار... بۇلار بىزگە توتېم ئېتىقادىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغىچە داۋاملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(3) ھەر خىل گېيومېترىيەلىك شەكىللەردىن ھاسىل بولغان نەقىشلەر

تېپىلغان بۇ ئۈزۈكلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان گېيومېترىيەلىك شەكىللەر ئاساسلىقى ئۈچبۇلۇڭ، ئۇزۇنچاق تىك سىزىق، ئەگرى سىزىق، ئېللىپس قاتارلىقلار بولۇپ، دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى ئۈزۈكلەر بىلەن بىللە تېپىلغان باشقا رەڭلىك ساپال بۇيۇملاردىمۇ بۇ شەكىللەر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. بۇ بىر جەھەتتىن ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرىنىڭ سىماسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا ياراتقان ئۇسلۇبلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا دوكتور سېۋىن ھېدىن كىروران قەدىمي شەھىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە يىغۋالغان بۇيۇملار ئىچىدە ئۈزۈكلەرمۇ بار بولۇپ، ئېللىپس شەكىللىك ئۈزۈكلەرنى تاپقان، بۇ ئۈزۈكلەرنىڭ ئۈستىدە بىر قىسىم سىزىقلار چېكىلگەن بولۇپ، ستەيىن بۇ ئۈزۈكلەر بەلكىم مۆھۈر بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

1. سىمۋوللۇق رولى

ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئۈزۈك ياش، نىكاھ، دەرىجە ۋە سالاھىيەتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. مەسىلەن، غەربتە توي قىلغان كىشىلەر قولىغا ئۈزۈك تاقايدۇ، ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئۈزۈك تاقىشىمۇ نىكاھلىنىشنىڭ بەلگىسى، يەنى قىز توي قىلغاندا، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك سالىدۇ. توينىڭ ئىككىنچى كۈنى يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، يىگىتنىڭ ئانىسى يېڭى كېلىنگە ئۈزۈك سالىدۇ. ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك تاقاش ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقان (بېشى بوش) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنىڭ بەلگىسى. بۇنداق ئاياللار ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك سالىدۇ. نىكاھلانغاندا ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالغان ئۈزۈكنى ئېلىۋېتىپ سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالىدۇ، بۇ قايتا نىكاھلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەتكە ئايلانغان، ئۈزۈك تاقاشتىكى بۇ مەزمۇنلار دۇنياۋى ئادەت بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە.

2. بايلىقنى نامايان قىلىش ۋە ساقلاش رولى

نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەردە زور مىقداردىكى بايلىقلار زىبۇزىننەت شەكلىدە ساقلانغان، يەنە كۆپىنچىلىرىدە قىز تويلۇقى پۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، «جىننامە، 9-جىلد. يات قوۋملار تەزكىرىسى» دېگەن بابتا: «پەرغانىلىقلار ئۆرپ-ئادىتى بويىچە كېلىن چۈشۈرگەندە (ئەكىرگەندە) ئالدى بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان قوش يۈرەك شەكىللىك ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن ھالقا سوۋغا قىلىنىدۇ، ئەگەر قولىغا ئالتۇن، كۈمۈش چۈشۈپ قالسا، ئۇنى ئەسلا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىۋەتمەستىن، بەلكى زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ»⑧، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خىل ئادەت ھازىر تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، خوتەن قاتارلىق بەزى رايونلاردا قىز مېلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئالتۇن جابدۇق ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

3. سەنئەت بۇيۇمى بولۇش رولى

سەنئەت بۇيۇمى بولۇشى ئۈزۈكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق

www.uyghurkitap.com



ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى تارىختىن بۇيان گۈزەللىكنى سۆيۈشتە ئىچكىرى ئۆلكە ۋە قوشنا دۆلەت خەلقلىرىگە ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرغان. ئۇلار ئاساسلىقى قاشتېشى، ياقۇت، گۆھەر، ئالتۇن، مىس، كۈمۈش، تۆمۈر قاتارلىقلاردىن ئۈزۈك تاقاپ تېخىمۇ سالاپەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۈزۈكنىڭ ئۇيغۇر قىز ئاياللىرىنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرىدە تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنى تاقاشتىكى پەرھىزلەر بولسا ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم قاتلاملارنىڭ بىرى.

ئۈزۈك ئەڭ دەسلەپكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردا ئۇچرىغاندىن باشقا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللىرىمىزدىمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى بىزنىڭ «ئۈزۈككە كۆز كېرەك، قىزغا سۆز»، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈزۈككە كۆز بولىدىغان قاشتېشى، ئالتۇن قاتارلىق ماتېرىياللارنىمۇ ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ئەتىۋارلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ توغرىسىدىكى مەزمۇنلار «خاسىيەتلىك تاش» مەزمۇنىدىكى بىر قانچە رىۋايەت، چۆچەكلىرىمىزدە ئۇچرايدۇ ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئىسپاتلانغان. كېيىن بۇ يەنە بىزنىڭ مۇراسىم ئادەتلىرىمىزگىمۇ كىرىپ كەلگەن. مەسلەن:

(1) بوۋاقنى ئالتۇن سۇيىدە يۇيۇش

بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈك بولغاندا، بوۋاقنى تۇنجى قېتىم يۇيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى ياكى ئالتۇندىن ياسالغان باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىپ قويىدۇ. بۇنداق بولۇشى بوۋاقنىڭ تېخىمۇ قەدىرلىك، قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇ ئادەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالتۇننى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى چوڭ بىلىشتەك ئېتىقادىدىن كەلگەن. شۇڭا بۇ خىل ئېتىقاد ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ زىبۇزىننەتلىرىدە كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان.

(2) توي مۇراسىمىدىكى ئۈزۈك تاقاش

ئۇيغۇرلاردا توي مۇراسىمى بولغاندا، قىزغا تويلۇق مال ئالغاندا چوقۇم ئالتۇن ئۈزۈك ئالىدۇ ۋە توي كۈنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئانىسى قىزغا تاقاپ قويىدۇ، ھازىر يەنە بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قىز تەرەپمۇ ئوغۇل تەرەپكە ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ توي كۈنى قىزنىڭ ئانىسى ئوغۇلغا تاقاپ قويىدىغان ئادەتلەرمۇ بارلىققا كەلدى، بۇ ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىز ـ ئوغۇل مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ۋاقىتتا ئوغۇل قىزغا ئۈزۈك سوۋغا قىلىپ توي قىلىش تەكلىپىنى قويىدىغان ئادەتلەرمۇ يۇقتى.

(3) تۇغۇتتىن كېيىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۈزۈك تاقىشى

ئۇيغۇر ئاياللىرى كۆزى يورۇپ 40 كۈنگىچە ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈلىدۇ. 40 كۈن توشۇپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندە بولسا، يولدىشى ئايالىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە تۆرلۈك سوۋغا ـ سالاملارنى ئاپىرىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ئايالىنى ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ئۈزۈكمۇ بار بولۇپ، بۇنى ئايالىغا سوۋغا قىلىدۇ، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئەر ـ ئايال ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئايال ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتكەندىمۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاچچىقى يانغاندا ئەر بىر تال ئۈزۈك ئېلىپ بېرىپ، خاتالىقنى تونۇغان بولۇپ ئايالىنى ياندۇرۇپ كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى 3 ـ توم، 22 ـ بەت.

② مۇھەممەد يۈسۈپ، بېلىقىز مۇساھاجى قەشقىرى: «ئۇيغۇرلاردا ساقلانغان يادىكارلىقلار» شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2008 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 173 ـ بەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنى، «شىنجاڭ قەدىمي مىللەتلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان. 1985 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 173 ـ ، 226 ـ ، 230 ـ بەت رەسىملىرى.

⑦ ئادىل مۇھەممەد تۇران: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى جەۋھىرى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ نەشرى. 195 ـ بەت، 1 ـ رەسىم.

⑧ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. جىننامە سۆگنامە»، «جىننامە، 97 ـ جىلد يات قوۋملار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 424 ـ بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. فولك بىرگمان. شۋېتسىيە «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل.

3. ئۇيغۇر سايرامى تەرجىمىسى: «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار ئۇيغۇر ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ئۇيغۇرچە نەشرى

4. ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى.

5. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 7 ـ ئاي.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2009 ـ يىللىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەسپى ئاسپىرانتى)



# ئەنئەنىۋى ئېسىل تائام چۆچۈرە ۋە ئۇنىڭ ئۆتمۈشى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ئىچىدە چۆچۈ-رىگە ئوخشاش قىيملىق تائاملار يەنى جۇۋاۋا (بەنشىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سامسا، مانتا، پەرمۇدە، پەرەمىش (خوشاڭ)، گۆشنان، پۆرە، تۇرمەل، تەپمەك، مۇندەك، شۈڭگۈتما قاتارلىقلار نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققى-يات جەريانىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قېلىپ، زامانى-مىزغىچە يېتىپ كەلگەن بىر قەدەر قەدىمىي تائام تۈرلىرى-مىز ھېسابلىنىدۇ.

چۆچۈرە — ھازىرمۇ ئۇيغۇر يېمەك-ئىچمەك مەدە-نىيىتى ئىچىدە ئەنئەنىۋى ئېسىل تائام قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان قىيملىق غىزا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە خۇرۇچلىرى ۋە تەييارلىنىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ بىر قانچە خىلغا ئايرىلىدۇ (مەسىلەن، گۆش چۆچۈرىسى، كاۋا چۆچۈرىسى، كۇدە چۆچۈرىسى، كۆك چۆچۈرىسى... دېگەندەك).

چۆچۈرىنىڭ قىيمىسى جۇۋاۋىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما خېمىرى بىلەن تۈگۈش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. چۆ-چۈرىنىڭ خېمىرى ئالدى بىلەن يېيىلىپ، قاتلاپ تۆت چاسا كېسىلىدۇ، ئاندىن بارماق چوڭلۇقىدا قىيما سېلىپ قايرىما شەكلىدە تۈگۈلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن يېمەك-ئىچمەك، غىزا-تائام جەھەتتە ئىزچىل روشەن خاسلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرى ئىچىدە نەچچە ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە چۆچۈرىلەرنى مىسال ئالساق، چۆ-چۈرە كاۋاپ، گۆش، پولۇلاردەك مېھمان ھۆرمىتىگە ئالا-ھىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يەنە ھاردۇق چىقىرىدىغان، ئىسسىق باسىدىغان، ئىشتىھانى ئا-چىدىغان، مىزاج تەڭشەيدىغان، ھەتتا يۇەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ باش ئاشپىزى، تائام تەييارلاش ئۇستازى، داڭلىق ئوزۇقلۇقشۇناس ئۇيغۇر ئالىمى قوسقوي بۇنىڭدىن 700 ـ 800 يىللار بۇرۇنلا ئېيتقاندەك بەزى ئاغرىق-كې-سەللەرگە شىپا بولىدىغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە سورۇنلاردا تەرىپلىنىدىغانلىقى ھەم-مىگە مەلۇم. چۆچۈرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۈن، تۇز، ياغ، گۆش، پىياز، كۆكتات ۋە باشقا دورا-دەرمەكلەر بىلەن تەييارلىنىدىغان بولغاچقا، شۇ ئائىلە ئەزالىرى ياكى سورۇن ئەھلى-ھەمداستىخانلارنىڭ ئىشتىھاسى، مىزاجى، ئاچچىق-چۈچۈكلۈكى، بەزى كۆكتاتلارنى ياقتۇرماسلىقى، تۇز، تەمى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ تەلىپىگە خاس تەم-خۇرۇچلار بىلەن تەييارلاشقا قۇلايلىقلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن جىسمانىي ئەمگەكلەردە ھېرىپ-چارچىغانلار، سەپەردىن ھېرىپ قايتىپ كەلگەنلەر، ئىشتىھاسى تۇتۇلغانلار، مىزاجى يوقلار، ئاشقازىنى ئېغىر تاماقلارنى كۆتۈرەلمەيدىغانلار ئىستېمال قىلىدىغان ئېسىل قەدىمىي غىزا بولۇپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپلا بۇ زېمىننىڭ كىلىمات-ئىقلىمىغا ماس كېلىدىغان بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق، چۆجگۈن قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى، قىچا، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق مايلىق زىرائەتلەر ۋە ھەرخىل پۇرچاق تۈرلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى قىلغان.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش-تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىدىكى يۈزلەرچە قەدىمكى شەھەر-قەلئە خارابىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي قەبرە يادىكارلىقلاردىن بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق، چۆجگۈن قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى، قىچا، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق مايلىق زىرائەتلەر ۋە ھەر خىل پۇرچاق تۈرلىرى تېپىلدى ①. شۇ قاتاردا 3000 يىللارنىڭ ئالدى-كەينىگە خاس ئېگەر شەكىللىك، ياي شەكىللىك، تۈز شەكىللىك، دۈگىلەك شەكىللىك يارغۇنچاقلار بىلەن مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىگە خاس ئىلغار ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىسى بولغان تۈگمەنگە ئالاقىدار نەق ماددىي يادىكارلىقلارمۇ تېپىلدى ②. بۇلار ئەلۋەتتە ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمدىلا ھەر خىل ئۈنلۈك زىرائەتلەرنى تېرىش، ئۇن تارتىش، ئۇنلاردىن ھەر خىل غىزا-تائاملارنى تەييارلاپ ئىستېمال قىلىش شارائىتىنى ھازىرلىغانلىقىنى ئىلمىي رەۋىشتە ئىسپاتلايدىغان نەق ماددىي پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، 1969-يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى تاڭ دەۋرىگە (مىلادىيە 618-، 907-يىللار) خاس 117-نومۇرلۇق قەبرىدىن بىجىرىم ساقلانغان ئىككى دانە چۆچۈرە تېپىلدى ③.

1990-يىلى 6-ئايدا، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى — ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار پىچان ناھىيەسىدىكى ئۈچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش قىلغاندا، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگىچە (مىلادىيە 3-ئەسىردىن 6-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە) بولغان زامانلارغا تەۋە ھېسابلانغان 10-نومۇرلۇق قەبرىدىن شەكلى ھازىرقى جۇۋاۋىنىڭكىگە ئوخشايدىغان، ئۈچ دانە چىرىپ كەتكەن جۇۋاۋا چىقتى ④. 1986-يىل 9-ئايدا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىشتا، تاڭ دەۋرىگە تەۋە ئالتە قەبرىنى (86MAT384_391) قېزىپ تازىلىغاندا، بۇ قەبرىلەردىن ساپال قاچىغا سېلىنغان سەككىز دانە جۇۋاۋىنى بايقىدى ⑤. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 301-نومۇرلۇق قەبرىدىن ئايرىم-ئايرىم ئۈچ ساپال تاۋاققا سېلىنغان ئۈچ دانە جۇۋاۋا؛ 339-نومۇرلۇق قەبرىدىنمۇ ئايرىم-ئايرىم ئۈچ ساپال تاۋاققا سېلىنغان ئۈچ دانە جۇۋاۋا (60MAT339:13.35.36)؛ 103-نومۇرلۇق قەبرىدىن ئايرىم-ئايرىم تۆت رەڭلىك ياغاچ تاۋاققا سېلىنغان تۆت دانە جۇۋاۋا (68MAT103:3.24.28.29) ۋە 153-نومۇرلۇق قەبرىدىن ئىككى دانە (72MAT153:16.24) تېپىلدى⑥. بۇ جۇۋاۋىلارنىڭ ئاز ساندىكىسى چىرىپ كەتكەندىن سىرت، كۆپىنچىسى بىجىرىم ساقلانغان ⑦.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى، جۇۋاۋا بىلەن چۆچۈرە قىيمىلىق تائاملار بولۇپ، بۇ ئىككى خىل تائامنىڭ قىيمىسى بىردەك گۆش، پىياز، تۇز، دورا-دەرمەك سېلىنىپ ھازىرلانسىمۇ، ئۇلار خېمىرنىڭ تەييارلىنىشى ۋە تۈگۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما تارىخىي يازما مەنبەلەردە، قەدىمكى دەۋرلەردىكى جۇۋاۋا بىلەن چۆچۈرە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق يوقلۇقى ئېيتىلغان، شۇڭا ئۇلار مىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن چۆچۈرە دەپلا ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ بايقىلىشى، بۇنىڭدىن ئاز دېگەندىمۇ 1300 يىل بۇرۇنلا جۇۋاۋا بىلەن چۆچۈرە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەلۇمكى، ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، تۇرمۇش شارائىتى، دىن ئېتىقادى، شۇنداقلا ئەنئەنۋى

كۆز قاراشلار جەھەتتە ئوخشىمىغان پەرقلەر مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئەھۋالىدىمۇ ئوخشىمايدىغان پەرقلەر كېلىپ چىققان. شۇڭا دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز شارائىتىغا يارىشا مىللىي يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان بولسا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ دىيارىمىزنىڭ شارائىتىغا خاس يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى ياراتقان. شۇڭلاشقا ئەنئەنىۋى ئېسىل غىزايىمىز بولغان چۆچۈرە ئۇزاق تارىختىن بۇيان بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ پىسخىكىمىزغا ۋە قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن.

## چۆچۈرىگە ئالاقىدار تارىخىي خاتىرىلەر

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەجداد-ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇنلۇق تائاملار ئىچىدە، چۆچۈرە، جۇۋاۋا قاتارلىق قىيمىلىق تائاملار ئەجدادلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇش بىلەن بىللە، مىلادىيەنىڭ ئالدى-كەينىدىن باشلاپ يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا دىيار ئاھالىلىرى ئارىسىغىمۇ تارقالغان، شۇنىڭ بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىيمىلىق تائاملىرى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان.

مەسىلەن، «كېيىنكى خەننامە. بەش بۇيۇم تەپسىراتى»دا: «پادىشاھ جانابلىرى خەن لىڭدى خۇ (غۇز-ئۇيغۇر) كىيىمى، خۇ ئۆيى، خۇ كارىۋىتى، خۇ غوڭقىسى، خۇ نېيى، خۇ ئۇسسۇل-مۇزىكىسى ۋە خۇ غىزا-تائاملىرىغا خېلى ھېرىسمەن ئىدى. پايتەختتە ئاقسۆڭەك-بايلار بەس-بەستە خۇلاردىن دوراپ تەقلىد قىلىشاتتى» دەپ يېزىلغان. تارىختا ئوتتۇرا دىياردىكى كىشىلەر قويۇق ساقال-بۇرۇتلۇق، ئورا كۆز، قاڭشارلىق غەربىي يۇرتلۇقلارنى، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «غۇزلار» «胡人» دەپ ئاتىغان.

ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس لاۋفېر: «خۇ خېتى بىلەن ئاتالغان خەلقلەر خەن سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى» ⑧، دەپ يازىدۇ. دېمەك، خەن لىڭدى پادىشاھ ھېرىسمەن بولغان «خۇ غىزا-تائاملىرى» ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچۈرىسىمۇ بار ئىدى.

لىڭ خۇ يازغان «خەن، تاڭ دەۋرىنىڭ يېمەك مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابتىكى بايانلارغا قارىغاندا، دىيارىمىزنىڭ نان، توقاچ، قاتلىما، سۇيۇقئېشى، چۆچۈرىسى، تاتلىق ئۇماچ، ھالۋا، ئۇزۇن چۆپ (ئۆگرىنى دېمەكچى) قاتارلىق ئۇندىن تەييارلىنىدىغان غىزا-تائاملىرى خەن دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولى بويلاپ ئوتتۇرا دىيارغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇ ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرى دەسلەپتە خان-پادىشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، پۇلدار-باي، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ بەس-بەستە كۆز-كۆز قىلىپ يېيىشىدىغان تائامىغا ئايلانغان بولسا، كېيىنچە پايتەخت جامائەتچىلىكى، ئاندىن پۇقرالارمۇ ئىستېمال قىلىدىغان ئادەتتىكە ئايلانغانلىقى مەلۇم.

مەشھۇر تارىخشۇناس گۇباۋ ئەپەندى غەربىي يۇرتتا ياشىغان خەلقلەرنىڭ جۇڭگو يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: «بۇغداينى ئۇن تارتىش ۋە ئۇندىن غىزا-تائام تەييارلاش ئۇسۇلى چىن-خەن سۇلالىلىرى زامانىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىچكى جايلارغا تارقالغان. ئىچكىرىدە شۇ دەۋردىكى بايلار سۆك ۋە گۆشنى ئىستېمال قىلسا، كەمبەغەل، نامراتلار پاتاقنى ئىستېمال قىلغان. سۆك ئاق ئاشلىق ھېسابلانغان. پاتاق — ھاراقنىڭ چىرىندىسى، يەنى سۈزۈندىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قارا ئاشلىق ھېسابلانغان. بۇغداي ئېشى ياۋايى دېھقانلارنىڭ غىزاسى دەپ قارالغان. تاڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن يەن شىگو ‹بۇغداي ئېشى، پۇرچاق ئۇمىچى ياۋايى دېھقانلارنىڭ غىزاسىدۇر› دەپ ئىزاھ بەرگەن»⑨، دەپ يازىدۇ. دېمەك، خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە دىيارىمىزدىن ئوتتۇرا دىيارغا تارقالغان چۆچۈرە تۈگۈپ ئاش، قىيمىلىق تائام دېگەن مەنىدە تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما لوياڭ، چاڭئەنلەردىكى يەرلىك كىشىلەر ئۇنى «بۇغداي ئېشى» (麦饭) دېگەن نام بىلەن ئاتىغانلىقى مەلۇم.

خەن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206-يىلدىن مىلادىيە 230-يىلىغىچە)، ۋېي (مىلادىيە 230-، 265-يىللار) دەۋرلىرىدىن باشلاپ «غۇز تائاملىرى» (胡食) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر تائاملىرى (جۈملىدىن چۆچۈرە، جۇۋاۋا قاتارلىقلار) ئوتتۇرا دىيار ئاھالىلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن. غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب شۇجىي «غۇز تائاملىرى ھەققىدە قاپىيەلىك پىروزا» دېگەن ئەسىرىدە چۆچۈرە-جۇۋاۋىلارنى قالتىس گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلىگەن بولسا، «تەيپىڭ شىڭگۇ يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىتابلار قامۇسى»دا خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن جاۋچى شىمالىي دېڭىز تەرەپلەردە خۇ (غوز) تائاملىرى سودىسى بىلەن بېيىپ كەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. شەرقىي جىن سۇلالىسىدە ئۆتكەن داڭلىق خەتتات ۋاڭ يى ياش چېغىدا ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەپ باققانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قاتلىمىسى، توقچى، ھالۋىسى ۋە بۇغداي ئېشى — چۆچۈرە ۋە جۇۋاۋا قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى تەملىك، مەززىلىك بولىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتكەن.

«تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، تاڭ دەۋرىدىكى پايتەخت چاڭئەندە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار مىڭ تۈتۈندىن ئاشقان بولۇپ، بىر قانچە كوچىلاردا ئۇيغۇر مەھەللىلىرى شەكىللەنگەن⑩. بۇ ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ناھايىتى ئاۋات بولۇپ، كېچە-كۈندۈز قايناپ-تاشقىن كەيپىيات ۋە يىمەك-ئىچمەك سودىسى بەك قىزىپ كەتكەن. ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدە پولۇ (毕罗)، چۆپ، بۇغداي ئېشى (چۆچۈرە ۋە ئۈگرە)، نان-توقاچ، قاتلىما، شورپا ساتىدىغان داڭلىق ئاشپۇزۇللار، كاۋاپخانىلار، لوپنۇر ھارىقى، تۇرپان ۋە كۇچانىڭ ئۈزۈم ھارىقى دۇكانلىرى، مەيخانىلار، بەزمىخانىلار، مال سارايلىرى، مېھمانخانىلار ۋە دەڭلەر بولغان⑪.

يىمەك-ئىچمەك جەھەتتە يەنىلا غەربىي يۇرتتىن يىپەك يولى بويلاپ لويياڭ، چاڭئەنلەرگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر تائاملىرى بازار تېپىپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ «بۇغداي ئېشى» (麦饭) دەپ ئاتالغان چۆچۈرە قاتارلىق قىيمىلىق ئاشلار سۆك ۋە شوۋىگۈرۈچكە ئادەتلەنگەن خەلقلەر ئۈچۈن بىر خىل يېڭىلىق تۇيۇلۇپ، چۆچۈرە قاتارلىق قىيمىلىق تائاملارنىڭ باھاسى ئۆرلىگەن، ئاشپۇزۇل خوجايىنلىرى ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر تائاملىرى تاڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 300 يىلغا (618 ـ 907) يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ۋېي-جىن، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىكى پايتەخت چاڭئەن، لويياڭ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە داۋاملىق داڭق چىقىرىپ راۋاجلانغان ھەمدە تاڭ دەۋرى يىمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىگە مۇھىم تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشقاندى. ئۇيغۇر يىمەك-ئىچمىكىگە بولغان قىزىقىش تەيزۇڭ، گاۋزۇڭ، شۈەنزۇڭ پادىشاھتىن تاكى بەزى ۋاڭ، گۇڭلارغىچە، ئايماق-مەھكىمىلەر ئەمەلدارلىرىدىن تاكى جەندە-كۇلالىق گاداي-پۇقرالارغىچە ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە بىر ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاۋاغا ئايلانغان⑫.

سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1279) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر يىمەك-ئىچمەكلىرى يەنە بىر زامان مودىغا ئايلانغان، بولۇپمۇ نان-توقاچ، قاتلىما، بۇغداي ئېشى (چۆچۈرە ۋە ھەر خىل ئۈگرىلەر) قاتارلىق ئۇنلۇق ۋە قىيمىلىق غىزا-تائاملار ناھايىتى بازار تاپقان. مىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ئەدىب يۈەنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدە يۇتۇلگەن مىڭخۇا خاتىرىلىرى. ئاشپۇزۇللار» (东京梦毕录食店) دېگەن كىتابىدا چۆچۈرە، جۇۋاۋىلار، ھېسىپ-كاۋاپلار ۋە خېمىرى نېپىز يېيىلىدىغان ئۈگرە ئاشلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىكەنلىكى، كىشىلەر بەس-بەستە ئېلىپ يېيىشىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368) دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپان ۋە باشبالىق (ھازىرقى جىمسار ئەتراپى)تىن نەچچە ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكىرىگە تارقالغان، ھەتتا موڭغۇللار ئوردىسىنىڭ ئاشپەزلىرى، مۇئەللىملىرى، تېۋىپلىرى ئۇيغۇردىن بولغاچقا، ئۇيغۇر تائاملىرى يەنىلا كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا تائام تەييارلاش ئۇستازى بولغان ھەم «تائام تەييارلاش دەستۇرى» ناملىق يىمەك-ئىچمەك ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغان مەشھۇر ئۇيغۇر تائامشۇناس قوسقۇي ئۇيغۇر تائاملىرىنى ئىچكىرىدە ئومۇملاشتۇرۇشتا كاتتا رول ئوينىغان⑬.

700 يىللار ئىلگىرىلا ئوردا باش ئاشپىزى، تائام تەييارلاش ئۇستازى ھەمدە مەشھۇر تېۋىپ بولغان قوسقۇي «تائام تەييارلاش دەستۇرى»نىڭ بىرىنچى جىلدىدىكى «ئېسىل تائاملار» بابىدا 200 خىلچە ئۇيغۇر تائاملىرىنى، ئۇنىڭ خۇرۇچلىرىنى، رېتسېپىنى، شىپالىق رولىنى تونۇشتۇرغان، شۇ قاتارىدا ئادەتتە ئائىلىدە ئىستېمال قىلىدىغان چۆچۈرىلەردىن تاشقىرى، غىزائىي داۋا تۈرىدىكى چۆچۈرىلەرنىمۇ تونۇشتۇرغان. مەسىلەن:

**ياغلىما چۆچۈرە**

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كەيپىياتنى ئۇرغۇتىدۇ.

قوينىڭ سان گۆشىدىن بىر ئۇلۇش، قاقلە بەش دانە، بۇلارنى بىللە قاينىتىپ شورپا تەييارلاپ، سۈزۈۋالغاندىن كېيىن قوي گۆشىنى ئىنچىكە توغراپ، ئاپپىلسىن پوستى (ئاق يىپچىلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ)دىن بەش مىسقال، غولپىيازدىن ئىككى سەر ئېلىپ ئۇششاق توغراپ، ئۇنىڭغا ئىككى مىسقال دورا - دەرمەك، تۇز ۋە جىياڭيۇ سېلىپ قىيما تەييارلىنىدۇ. بۇغداي ئۇنىدىن ئۈچ جىڭ ئېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ، نېپىز يېيىپ جىلتە تەييارلاپ، قىيمىنى سېلىپ، دەريا دىلفىنى شەكلىدە چۆچۈرە تۈگۈپ، چۆچۈرىنى كۈنجۈت يېغىدا قىزارتقاندىن كېيىن ئۈستىگە شورپا قويۇپ، تۇز سېلىپ ئىچسە بولىدۇ.

سۇ لەيلىسى تالقىنى چۆچۈرىسى

تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كەيپىياتنى ئۇڭشايدۇ.

قوينىڭ سان گۆشىدىن بىر ئۇلۇش، قاقلە بەش دانە، ئاقلانغان نوقۇت 500 گىرام. بۇلارنى بىللە قاينىتىپ شورپا تەييارلىنىدۇ. قوي گۆشى، ئاپپىلسىن پوستى (ئاق يىپچىلىرى ئېلىۋېتىلىدۇ) بىر مىسقال، زەنجىۋىل بىر مىسقال، ئۇششاق توغراپ دورا - دەرمەكلەر بىلەن بىللە قىيما تەييارلاپ، سۇ لەيلىسى تالقىنىدىن ئىككى جىڭ، يۇرچاق تالقىنىدىن بىر جىڭ ئېلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ، نېپىز يېيىپ ياستۇق شەكلىدە چۆچۈرە تۈگۈپ، چۆچۈرىنى شورپىدا پىشۇرغاندىن كېيىن، يۇراقلىق گۇرۇچ، قاينىتىلغان نوقۇت، زەنجىۋىل شىرىنىسى ۋە سوقا بېغى شىرىنىسى سېلىپ، بۇلارنى بىرلىكتە قاينىتىپ، قورۇلغان پىياز ۋە تۇز سېلىپ تەمىنى تەڭشەپ، چۆچۈرە بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىنىدۇ ⑭.

دېمەك، چۆچۈرە ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە خەلقىمىز ئىچىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىستېمال قىلىنىپ، ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى قىممەتلىك تائاملارنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان تۈرگە ئايلانغان ھەمدە ھەرخىل ماتېرىياللار، خۇرۇچلار ۋە تەييارلىنىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن گۆش چۆچۈرىسى، كۆدە چۆچۈرىسى، يېسىۋىلەك چۆچۈرىسى، بېدە چۆچۈرىسى، كەرەپشە چۆچۈرىسى، يۇمغاقسۈت چۆچۈرىسى، يالپۇز چۆچۈرىسى... دېگەندەك نۇرغۇن تۈرلەرگە قاراپ تەرەققىي قىلغان.


ئىزاھلار:

①، ②، ③، ⑥، ⑦ ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 - يىل نەشرى، 112 - ، 113 - ، 146 - ، 304 - بەتلەر.

④ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ پىچان ناھىيەسىدىكى ئۈچكۆۋرۈك قەدىمكى قەبرىلىرىنى قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك تازىلاش - قېزىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، خەنزۇچە، 1997 - يىل 2 - سان.

⑤ تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقنى باشقۇرۇش ئورنى: « 1986 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «ئارخېئولوگىيە»، خەنزۇچە ، 1992 - يىل 2 - سان.

⑧ لاۋفېر (ئامېرىكا): «جۇڭگو - ئىران توغرىسىدا»، 2001 - يىل شاڭۋۇ باسمىخانىسى خەنزۇچە نەشرى (لىن جۇنيىن تەرجىمىسى).

⑨ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە، 1985 - يىل 3 - سان 50 - بەت.


⑩، ⑪ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈندىكى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەندىكى سودا - تىجارىتى» («شىنجاڭ يېزا - بازار پۇل مۇئامىلىسى»، 1998 - يىل 1 - ، 3 - ، 4 - سانلىرىدا) ۋە «ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى» («ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»نىڭ 1994 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى سانىدا) قاتارلىق ماقالىلىرىگە قاراڭ.

⑫ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەن - لوياڭلاردىكى نان - توقاچ، قاتلىما قاتارلىق يېمەكلىكلەر كەسپى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1997 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سانىدا)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەندىكى سودا - تىجارىتى» («شىنجاڭ يېزا - بازار پۇل مۇئامىلىسى» 1998 - يىل 1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - سانلىرىدا)، «ئۇيغۇر پولۇچىلىقى چاڭئەندە» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1997 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سانىدا) قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تەرەققىياتى ھەققىدىكى مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلىرىگە قاراڭ.

⑬ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، 185 - ، 189 - بەتلەر، 1991 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - نەشرى.

⑭ ئابلىز مۇھەممەد سايرامىنىڭ «مەشھۇر تېۋىپ، ئوزۇقلۇقشۇناس قوسقۇي ۋە ئۇنىڭ ‹شىپالىق تائاملار دەستۇرى›ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ (يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ).


(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتە)



# ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئۆچمەس نامايەندە — كېمىر ئۆي

خالىدە نەمتۇل

«بىناكارلىق بىر خىل پەن-تېخنىكا سەمەرىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئالاھىدە بىر سەنئەتتۇر. ئۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يارىتىلغان ماددىي مەدەنىيەت بولۇپ، ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولۇش ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىناكارلىق سەنئىتى ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بىر خىل سەنئەت تۈرىدۇر. مىللىي خاسلىق، ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى روھىي ھالىتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ئۇنىڭ تەرەققىياتى پەن-تېخنىكا، سىياسىي-ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ»①.

كېمىر ئۆيلەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق تارىخىدا شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ئۆچمەس مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئالتۇن سەمەرىسى، تۆۋەندە كېمىر ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.


**1. كېمىرنىڭ سېلىنىش ئۇسۇلى:**

كېمىر ئۆي ئادەتتە ئىككى خىل سېلىنىدۇ، بەزىسىنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، يەنە

بەزىلىرىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر كېلىدۇ. ئىككى تەرىپىدىكى تامنى قوپۇرغاندا، ئەگەر كېمىر كەڭرەك سېلىنىدىغان بولسا، تامنىڭ كەڭلىكى ئىككى يېرىم كېسەك قىلىپ ياتقۇزۇپ قوپۇرۇلىدۇ. ئەگەر كېمىرنىڭ كەڭلىكى تارراق بولسا ئىككى كېسەك قىلىپ ياتقۇزۇپ قوپۇرۇلىدۇ. كېمىرگە ئىشلىتىلىدىغان كېسەكنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان كېسەكنىڭ-كىگە ئوخشاش قېلىنلىقتا، كەڭلىكى بولسا ئادەتتىكى كې-سەكنىڭكىدىن تۆت سانتىمېتىر كەڭرەك بولىدۇ (ئادەتتىكى كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتى-مېتىر، قېلىنلىقى سەككىز سانتىمېتىر بولىدۇ). كېسەكنىڭ قېتىغا ئالىدىغان لاي ئادەتتە يېپىشقاقراق سېغىز لاي بولۇپ بۇ لايغا سامان ئارىلاشتۇرۇش هاجەتسىز. كېمىر-نىڭ ئۈستىنى ئەگكەندە، ئۆينىڭ كەڭ-تارلىقىغا قاراپ ئې-گىلىدۇ. ئۆي كەڭ بولسا، كېمىرنىڭ سېلىنىدىر شەكىللىك ئۈستى تەرىپى (يەنى ئەگمە تورۇس) ئېگىزرەك ئېگىلىدۇ. ئەگەر ئۆي تار بولسا، كېمىرنىڭ ئۈستى پاكارراق ئېگىلى-دۇ. ئېگىزرەك ئەگكەنگە قارىغاندا پاكارراق ئەگمەك تەسرەك بولىدۇ. كېمىر ئۆينىڭ تېمىنى قوپۇرغاندا تۆرد-دىكى تامغا لىمتاق (يەنى چوڭ ئويۇق) ۋە كىچىك ئويۇق قاتارلىقلار قويۇلىدۇ. كېمىرنىڭ ئۈستىنى ئەگكەندە ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ ئېگىپ ئوتتۇرىغا ئەكېلىپ توختىتىپ ئاندىن سول تەرەپتىن ئېگىپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئەگمە تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئادەتتە كېمىرنىڭ ئەتراپىدىكى تامنىڭ ئې-گىزلىكى 1.8 مېتىر، ئەگمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

### 2. كېمىرنىڭ ئەۋزەللىكى


كېمىر ئۆزىگە خاس نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچىدىن، كۆپ ئىقتىساد كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ خىل قۇرۇلۇشقا ياغاچ، تاش ئىشلىتىش ها-جەتسىز، پەقەت لاي ۋە كېسەك بولسىلا قۇرۇلۇشنى نورمال ئېلىپ بارغىلى ۋە پۈتكۈزۈپ پايدىلانغىلى بولى-دۇ؛ ئىككىنچىدىن، كېمىر ياز پەسلىدە ناهايىتى سالقىن، قىش پەسلىدە ئىسسىق بولۇپ، قىشنىڭ سوغۇقىدىن خا-تىرجەم ئۆتۈشكە ياردىمى زور. كېمىرنىڭ بۇ ئالاھىدىلى-كى يازدا بەك ئىسسىپ كېتىدىغان تۇرپان رايونىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە تولىمۇ ماس كەلگەن؛ ئۈچىنچىدىن، كېمىرنىڭ چىدامچانلىقى ناهايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ توغ-رۇلۇق مىساللار ناهايىتى نۇرغۇن بولۇپ، كىشىلەر «كې-مىرنىڭ ئۈستىدە ماشىنا ماڭسىمۇ ئۆرۈلمەيدۇ» دەپ قارى-شىدۇ. تۆۋەندە بىز خىشنى ماتېرىيال قىلىپ كېمىر تېخنى-كىسىدىن پايدىلىنىپ سېلىنغان تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيەسى-دىكى دۆلەت تاشيولى بويىغا جايلاشقان كونا يولدىكى



كۆۋرۈكنىڭ يېقىندىن كۆرۈنۈشى

چوڭ كۆۋرۈكنى كۆرۈپ باقايلى:

بۇ كۆۋرۈك پىچانغا كەلكۈن كەلگەندە ئېقىپ ئۆتى-دىغان بىر سايغا سېلىنغان بولۇپ، 50 يىلدىن كۆپرەك تا-رىخقا ئىگە، بۇ كۆۋرۈكنى سېلىشقا قاتناشقان پىچاندىكى داڭلىق كېمىر ئۇستىسى خالىق سەيدۇل ئۇستامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ كۆۋرۈكنى ئۇ كىشى ئاتىسى سەيدۇل تالىپ تامچى بىلەن بىللە سالغان بولۇپ، پولات چىۋىق ۋە بېتون قاتارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلمىگەن. پەقەت خىش بىلەن توپا لاي ئىشلىتىلىپ سېلىنغان. 50 يىل مابەينىدە نۇرغۇن قېتىملىق كەلكۈنلەرنى، ساناقسىز ماشىنا-تراكتور



كۆۋرۈكنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈشى

www.uyghurkitap.com



ۋە هارۋىلارنىڭ، يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق يېرى دەز ئالمىغان ۋە بۇزۇلمىغان. پەقەت 2007-يىلى كەلگەن بىر قېتىملىق كەلكۈن بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يولنى يالاپ ئېلىپ كەتكەن. تۆۋەندىكىسى ئەنە شۇ جەريانلاردىن كېيىنكى كۆۋرۈكنىڭ قىياپىتىدۇر.


ئۇلۇغ تەرەپتىكى بۇزۇلغان ئورۇن دەل كەلكۈن



كۆۋرۈك ئەگمىسىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈشى




كۆۋرۈك ئەگمىسىنىڭ سىرتتىن كۆرۈنۈشى



كۆۋرۈك تۈۋرۈكى ۋە كۆۋرۈك ئەگمىسىنىڭ ئېگىلىش شەكلى


يالاپ بۇزۇۋەتكەن جايدۇر.

يۇقىرىقى سۈرەتلەردىن بۇ كۆۋرۈكنىڭ ھەقىقەتەن چىدامىلىق ئىكەنلىكىنى ۋە كېمىر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ سېلىنغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. تۇرپان خەلقى كېمىر ئۆيلەردە ئولتۇرۇش جەريانىدا ئۆيلەرنىڭ ئىنتايىن چىدامىلىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىلا كېمىردىن پايدىلىنىپ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ 1-قەۋىتى كېمىر، ئىككىنچى قەۋىتى ياپما ئۆي قىلىپ سېلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆيلەر



ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:


يۇقىرىقى سۈرەتتىكى ئۆينىڭ بىرىنچى قەۋىتى كېمىر بولۇپ، كېمىرنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت ئۆي سېلىنغان. كېمىرنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى قەۋەت ئۆينى سالغۇچى بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئۈستىنى تولا ياكى لاي بىلەن



كېمىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

2010.6

تىندۇرۇپ تۇزلىتىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۈستىگە ئىك-
كىنچى قەۋەتنى سالىدۇ. يەنە بەزىلەر كېمىرنىڭ ئۈستىگە
چۈنچە سالىدۇ ۋە چۈنچىگە ھەر يىلى نەچچە تونىنا ئۈزۈم
ئېسىپ قۇرۇتىدۇ. كېمىر چىدامىلىق بولغاچقا ئۇزاق يىل
بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئادەتتىكى ياپما ئۆيلەر بۇنىڭغا
بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كېمىرنىڭ ئىچى ناھايىتى ئازادە
بولىدۇ. تۆۋەندە بىز كېمىرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى سۈ-
رەتتىن كۆرۈپ باقايلى:



كېمىرنىڭ لىمتاق (رەسىمدىكى ئاستىدىكى چوگراقى) ۋە
ئويۇقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

پىچانلىق كېمىر ئۈستىسى خالىق ئۈستامىنىڭ ئېيتىشى-
چە، ئەگەر خىش بىلەن سېلىنغان كېمىرنىڭ ئۈستىگە بىر
قەۋەت ئەمەس، ھەتتا نەچچە قەۋەت قاتلاپ سېلىنسىمۇ
ئۇزاق يىل ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدىكەن. ھېچقانداق ياغاچ-
تاش، پولات چىۋىق، بېتون ئىشلەتمەي، سۇ، لاي ۋە
خىشتىن پايدىلىنىپ نەچچە قەۋەتلىك بىنا سېلىشنىڭ ئۆزى
ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. نەزەردىن ساقىت
قىلىشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ كې-
مىرنىڭ چىدامچان بولۇش-بولماسلىقى كېمىر سالغۇچىنىڭ
تېخنىكىسىغا باغلىق بولۇپ، كېمىر سېلىش تېخنىكىسىنى
پۇختا ئىگىلىگەن ئۈستىلار سالغان كېمىرلەر بىر يۈقىرىدا
دەپ ئۆتكەندەك چىدامىلىق بولىدىكەن. چالا ئۈستىلار
سالغان كېمىرلەر چىدامىلىق بولالمايدىكەن؛ تۆتىنچىدىن،
كېمىر ئۆيلەردىكى لىمتاق ۋە ئويۇقلار كېمىرنىڭ چىدام-
چانلىقىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ ھەم يوتقان-
كۆرپە، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى لىمتاق
ۋە ئويۇقلارغا قويۇپ، چىرايلىق گۈل كەشتىلەنگەن
رەختلەر بىلەن يېپىۋەتكەندە ئۆي ئىچى كەڭرى، ئازادە،
سەرەمجان كۆرۈنىدۇ؛ بەشىنچىدىن، ھازىر كىشىلەر ئادەت-
تىكى ياغاچ-كېسەك قۇرۇلمىلىق ياپما ئۆيلەرنى كۆپ سا-
لىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە سالغان لىم-بادرىلارنىڭ سەت
كۆرۈنۈپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل
خەجلەپ ھەرخىل سىلىق تاختىلارنى ئېلىپ ياكى باشقا ئۇ-
سۇللار بىلەن ئۆينىڭ تورۇسىنى زىننەتلەيدۇ. بىراق كې-
مىردە بۇنداق قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى كېمىرنىڭ ئۈستى
ئېگىلىپ بولغاندىن كېيىن سامان لاي بىلەن سىلىق سىپى-
ۋېتىلسە كۆرۈنۈشكىمۇ ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدۇ ۋە
ئىقتىسادمۇ تېجىلىدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆيىنى زىن-
نەتلىگۈسى بار بولسا كېمىر ئۆينىڭ سىلىق سۇۋالغان تام-
لىرىغا مېڭئۆيلەرنىڭكىدەك چىرايلىق رەسىملەرنى سىزدۇر-
سا ياكى گەج بىلەن چىرايلىق نەقىشلەرنى چىقىرىپ سىر-
لاتقۇزۇۋەتسە ئادەتتىكى ئۆيلەرنى زىننەتلىگەنگە قارىغاندا
ناھايىتى چىرايلىق چىقىدۇ.

**3. كېمىرنىڭ پەقەت شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايون-
دىلا سېلىنىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئۆي شەكلى ئې-
كەنلىكىدىكى سەۋەبلەر**

كېمىرنىڭ پەقەت تۇرپان رايونىدىلا سېلىنىشى بىر
جەھەتتىن تۇرپاننىڭ ھاۋارايى ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناس-
ۋەتلىك بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن تۇرپاندا ياغاچ، تاشنىڭ
ئاز بولۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ-
نىڭدىن باشقا كېمىرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە تۇرپان رايو-
نىدىلا سېلىنىشى كارىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى
مۇمكىن. چۈنكى كېمىرمۇ كارىزغا ئوخشاشلا «2000
يىلدىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە»②بولۇپ، كېمىرنىڭ ئۈستى-
نىڭ ھېچقانداق ياغاچ-تاش ئىشلىتىلمەي لاي ۋە كېسەك
بىلەن خۇددى كارىز تەشمىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش
ئەگمە شەكىلدە يېپىلىشى بۇ نۇقتىنى بىزگە خېلى ئېنىق
يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئەقىللىق تۇرپان خەلقى كارىزنى
ئىجاد قىلغاندىن كېيىن كارىزنىڭ تەشمىلىرىنىڭ ئىچىنىڭ
يازدا ناھايىتى سالقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، كارىز
تەشمىلىرىگە تەقلىد قىلىپ كېمىرنىڭ ئۈستىنى ئەگمە شە-
كىلدە يېپىپ سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇشى
ياكى مېڭئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا تەقلىد قىلىپ كېمىر ئۆي-
لەرنى ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى مېڭئۆيلەر-
نىڭ قۇرۇلمىسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق «تۇپراق قات-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لمى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كۆپچىلىكى يارلىقنى ئېچكەرىلەپ ئويۇش يولى بىلەن، بىر قىسمى ئۇستىنى يېرىم ئەگمە شەكلىدە كېسەك بىلەن گۈمبەزسىمان يېپىش ئۇسۇلى بىلەن، يەنە بىر قىسمى تاش كېمىرلەرگە ئۇلاپ كېسەكتە كېمىر شەكلىدە ياساپ چىقىش يولى بىلەن بىنا قىلىنغان»③ بولۇپ، بۇ خىل ئەمەلىيەتمۇ بىزنىڭ كېمىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدىكى ئىككىنچى خىل پەرەزىمىزنىڭمۇ رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. كېمىر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئەقىللىق تۇرپان خەلقى كېمىرنىڭ ھەم ئىقتىسادچىل، ھەم يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى يەكۈنلەپ چىقىپ 2000 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈنگىچە كېمىر سېلىشنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

كېمىردىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ چەكسىز ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ تەبىئەت ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى تەبىئەتكە ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا قىلچە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا يېڭىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. چۈنكى تۇرپان خەلقى تۇرپاننىڭ قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولغان تەبىئىي ھاۋارايى ۋە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبەتى ئاز، يەنى دەل - دەرەخ ئاز بولۇشتەك تەبىئىي ئېكولوگىيەسى بىلەن قىلچە قارشىلاشماستىن، ئەكسىچە ئاشۇ خىل مۇھىتقا ماس كېلىدىغان كېمىردىن ئىبارەت قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى نەچچە مىڭ يىللار داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شۇنداقلا يەنە كېمىردىن بىز بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالايمىز. كېمىر باشقا مىللەت ۋە باشقا جايلاردا يوق ئالاھىدە بىر خىل ئۆي قۇرۇلۇشى شەكلى بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلۇش شەكلى پۈتۈنلەي مىللىتىمىز ئەقىل - پاراستىدىن كەلگەن، ئۇنى باشقىلار ئەجدادلىرىمىزغا ئۆگىتىپ قويمىغان بەلكى ئەجدادلىرىمىز خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا قەدەممۇ قەدەم ئىجاد قىلغان.

كېمىر ئەجدادلار ئەقىل- پاراستى ۋە جاپالىق ئەمەگىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنى قوغداش ۋە ئاسراش بىز ئەۋلادلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىمىز ۋە بۇرچىمىزدۇر.

ئىزاھلار

① ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - نەشرى، 1 - بەت.

② قادىر سىيىتنىياز : «قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى — كېمىر ئۆي»، «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، 17 - ، 18 - قۇرلىرى.

③ ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 180 - بەت.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى.

2. قادىر سىيىتنىياز: «قەدىمكى ئۇيغۇر بىناكارلىق نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى — كېمىر ئۆي»، «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.


3. خالىق سەيدۇل: بۇ يىل 69 ياشتا بولۇپ، پىچاندىكى داڭلىق كېمىر ئۇستىسى. بۇ ماقالىدىكى كېمىر توغرىسىدىكى بەزى مەلۇماتلار مەزكۇر كىشىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئاساسىدا رەتلىنىپ يېزىلدى (مەسىلەن، كېمىرنىڭ سېلىنىش ئۇسۇلى، كۆۋرۈك توغرىسىدىكى مەلۇماتلار، كېمىرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، كېمىرنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار).

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2008 - يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!**

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى 2010 - يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە - بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزگە، يېقىن - يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.


# كۈن چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى



(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**هاجى تاھىربەك، 1892 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قومۇل.**

ياخشى ئات بالىسى غېرىب بولۇر، قۇل بولماس.
بۇغۇ مارال تېرىسى قېپىش بولۇر، كۆن بولماس.
يۈگىنى يوق ئات مىنسەڭ، ئۈچۈرۇر؛ قۇل بىرلەن قۇيماق يەسەڭ، قۇستۇرۇر.
پەتەر① ناننى يەپ يويۇپ ئال، كىشى تويماسۇن؛ يىگىت قالاش بولسا، قارزى بولماسۇن!
كانتو ئۆزىنى يەر، ئايار كىشىنى يەر!
تۆرىپى زىنەتلەر قىلۇر قېرى خوتۇن ياش بولماس؛ مىدىنىڭ قۇگگىتى يوق، مانتو پولو ئاش بولماس.
قېرىلار ياغى تارتار، ئوق ئاتالماس؛ مەگەرچە ئاتسا ئوق، يەرگە قادالماس.
قىشدا ياتسا بىر نازىگۈل، بىر كەچە تاڭ ئاتقۇچە بىر سۆز قاتالماس.
دۇنيا قويلاغان هارماس، قىز ئالغان قېرىماس.
قارغا چوقۇپ يەر، موللا ئوقۇپ يەر.
يېزىنىڭ موللىسى بولغۇنچە شارىنىڭ ② قارغىسى بول!
كەسپتە قىلماغان ئەر پېقىر بولۇر؛ توقۇم يۇپقا بولسا ئات يېغىر بولۇر.
قاش قاراسى بولماسا، قاشقاردەگەن قانچا يىراق؟!



---

① پەتەر — پېتىر — ت
② شارىنىڭ — شەھەرنىڭ — ت

ئۇيا، ئەگىنىك بولماسا، جۇگان ئىتكە يالاق.

بۇبى قىرىسا جالاپ بولۇر، سوگو قىرىسا، سوپا بولۇر.

قۇشقاچ قىرىسا، تۇمشۇغى قىسقا بولۇر، جۇگان قىرىسا، ئەمچىگى خالتا بولۇر.

ئۇن خوتۇننىڭ بىر توخاچە ئاقلى يوق، ئۇل توخونىڭ ئەقلى بولسا، يەمدۇ يوق؟!

باجا ئۇرۇق بولماس، ساندۇق قورۇق بولماس.

يېتىم بالىدىن پۇل ئالماق ـ پەتەر ناندىن قىل ئالماق (مۇشكۇل).

تىبىپ نەشتىرى ئەتتىن ئۆتەر، تىلنىڭ نەشتىرى جاندىن ئۆتەر.

باي بايقا باقۇر، سۇ ئويغا ئاقۇر.

ئالسا، پۇتەر؛ سالسا، ئىتەر.

كونە چاپاننىڭ پىتى تولا، باي كىشىنىڭ ئىتى تولا.

ئۇجمە لوڭ لوڭ، ئۇجمە لوڭ، ئۇجمىنى قاقسام، بىرى توڭ؛

پۇلى بارنىڭ گەپى ئۇڭ، پۇلى يوقنۇڭ گەپى توڭ.

ئاغرىق ئاشتىن كەلەر، بالا قىرىنداشتىن.

كەڭەشلىك ئىش ئاردىماس، كەڭ ئىگىن ئۇپرۇماس.

ئەدەمنى يۇرۇتكەن كۆز، ئامنى تۇزەگەن تۇز.

بىلمىسىز بىرلەن بولغۇچە بوي يورۇسەڭچۇ ئۇلگۇچە!

كاگاز نىپىس نەمە؛ چەكسە، تېشلۇر؛ ئەدەم ئەزىز نەمە خىجالەتتە پىشۇلۇر!

ئاتنى ياپاندا كۆرمە، ئەرنى چاپاندا!

ئات ئۇرۇقلۇقتا، ئەر غىرىپلىقتا (بىلىنەدۇ)

ئەر ئەرگە تۇش، يولبارس تاققا تۇش.

ئۆزنۇڭ لەززىتى ئۆز بىرلەن، تامنىڭ لەززىتى تۇز بىرلەن.

ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ، يەنە بىرنى سر بىل!

دۆلەت قونسا چىبىننىڭ باشىغا، سىمۇرغ كەلۇر ئۇل چىبىننىڭ قاشىغا.

دۆلەت كەتسە③ كىشىنىڭ باشىدىن، گويا كەلمەس ئۇل كىشىنىڭ ئورۇق تۇققان قىرىنداشىدىن.

قىستاغان كىيىشتىن يالاڭ يۇرۇگىنى ياخشى، كۆڭۇل ئاغرىتقان خوتۇندۇن بوي يۇرۇگىنى ياخشى.

ھەر كىم قىلسا يامانلىق، ھەرگىز تاپماس ئامانلىق.

**1892 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن توپلانغانلىرى**

گەپنى قىلساڭ بىقىپ قىل، تامغا قولاق يېقىپ قىل!

سەبرى قىلساڭ سەبرىدىن ھالگا پۇتەر، سەبرى كىشى ئۆز ئاياغىدىن ئىتەر.

يارىمنىڭ تىللاگىنى تىللادۇر، ياندۇرۇپ تىللەگىنى تەيتۇللادۇر.

يارىمغا سالام قىلسام، ياقمىدى؛ بىمەھەل گاختا قىلغان سالامىم خوش ئاقمىدى!

ياخشىدا دىماق بولماس، تىقىدا ياماق بولماس.

ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي! چىتە بىشىدا بۆكۈڭنى قوي!

بىگى باينىڭ ئۆزى يوق، تۆگۆرمەنچىنىڭ قىزى يوق.

يىگى بايدىن سودا ئالما، ئۆزۈڭنى تەڭلىكتە سالما!

ئاتاڭ مىراپ بولغۇچە يېرىڭ باش بولساچۇ!

موللىنىڭ يوقىدا موللا، موللىنى كۆرگەندە يولدا.

يىغاچ يۇمشىغىنى بويۇن يەر، ئەدەم يۇمشىغىنى ئەدەم يەر!

ئامانەت ساقلاساڭ، تۆلەرسەن، ياڭ يەردە ئۆي سالساڭ ئۆلەرسەن!

ئوغلان كىچىگىدىن، تىرىق قولۇغىدىن.

يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەكسە، بېشى ئىنىڭ تاشقا تەگەر.

تار يەردە ئاش يەگۈچە كەڭ يەردە مۇش يە!

ھالگانى كىم يەر؟ ھېكىم. تاياقنى كىم يەر؟ يىتىم!

ئالتۇن ئىغىرلىقىدىن بال تومۇر، ئۆپكە يېڭىللىگ-

③كەتسە ــ كاتانوف بۇ سۆزنىڭ «كەسسە» ۋارىيانتىنمۇ خاتىرلىگەن ــ ت

دىن غالغۇرۇر.

ئۆز يامانىڭدىن قالما! كىشىنىڭ ئارزۇسىنى يەمە!

بەگىنىڭ ئۆگى يوق، پاشىنىڭ قوگى يوق.

دىگانىنىڭ مازار بىرلەن ھىچ بىر گاختا ئىشى يوق؛

تۆگىنىڭ بازار بىرلەن ھىچ بىر گاختا ئىشى يوق!

بازار كۆركى باققالدۇر، يىگىت كۆركى ساقالدۇر.

ئىت — گۆيا، خوتۇن جاپا!

ئون ئۆيىنىڭ قورۇغ ئۇنى بىر ئۆيگە ئاش بولۇر؛

ئون ئۆيىنىڭ ھەممىسگە قىرى خوتۇن باش بولۇر.

نىسىيەت كارا قىلماس يۇمشاق ئەمەس قاتقان باشقا،

يامغۇر كارا قىلماس خات پۈتۈلگەن قاتتىق تاشقا!

گەرچە زىندان ئىجرى بولغىل ياخشى خىيال ئاقىل بىرلەن!

گەر چەمەندە بولمىغىل ئىش بىلمەگەن نادان بىرلەن!

باش نەردىن كەتەر؟ تىلدىن! تىل نەردىن كەتەر؟ گەلدىن!

نادان دوستۇن زىرەك دۈشمەن ياخشى!

نادان بولغاندىن يالغۇز ئۇسۇرغان ياخشى!

«ئايلىمدا قويدى» دەپ يەمە! «ئاغزىمدا كەلدى» دەپ دەمە!

تۆغۇلما غۇچا بالا بولماس، باقماغۇچا كالا بولماس!

ياخشىلقنى سۇغا سال! يوققىرى بىرىپ تۇتۇپ ئال!

سۇغا سالسا، سۇ كۆتەرمەس بىر مىسقال ئالتۇننى!

ئالتۇن بىرىپ ئىلىپ پولماس ياگىان كۆگۈلنى!

چىقمچىغا بەك ئىمراق، شاتراقچىغا ئىت ئىمراق!

پاراڭ سالغىلى يات يەر ياخشى؛ شاتراق ئۇرغىلى ياڭ يەر ياخشى.

ئادىمدىن ئادىمنىڭ پارقى بار. ھەر ماتانىڭ ھەر ماتادىن پەرقى بار!

**1892 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن**

**بۇرۇن توپلانغانلىرى**

خۇدا بەرسە، خۇدا بەردىما ④ بەرۇر؛ خۇدا ئۇرسا، خۇدا بەردىما قوشلاپ ئۇرۇر.

خۇدا بەرسە قۇلغا، ئەلتىپ پەرۇر قولغا!

ھەر كىشى ئۆز غامىدا، قىرى قىز ئەر غامىدا.

ئىگىز كىشى — ئاخماق، پاكار كىشى — چاقماق.

بىر ئىت كۆرۈپ قاپۇر، مىڭ ئىت ئاگلاپ قاپۇر.

ئاتامىغان ئەردىن ئاتاگىان دۆڭ ياخشى.

ئەشەككە نە ئۇلاڭ، نە قوشقان؟

ئەشەك نەبلۇر؟ نوقلى، ناباتنىڭ قادىرىنى؟ — بىر توربا سامان بەرسە، شۇندا بىلۇر تويغىنىنى [بۆلەك نەرسىنى ئەشەك بىلمەيدۇ]

ئەشەكنى مۇنازى قىلسا، ئوقۇرغا چىچىپتۇ.

يۆرگەكتە چىپىلغان كەسەل جان بىرلەن تەڭ چىقۇر.

پەلەككە قاراپ ھەمەكسىز قالدىم. خوتۇگغا قاراپ بالاسىز قالدىم.

ئىتىڭنىڭ بىرىدا يول تاپ! پۇلۇگىنىڭ بىرىدا يۈز تاپ!

تىشىگنىڭ بىرىدا گۆش يە! تىشىڭ تۆگەگەندە كۆسە!

تۆگەچە بويۇڭ بولغۇچە، تىرماقچە ئاقلىڭ بولساچۇ!

سىخىدىن خىيانەت ئەجەپ؛ بىخىلدىن دىيانەت ئەجەپ!

«ئىبزىز بولاي» دەسەڭ، تولا دەمە! «سەت تاپاي» دەسەڭ، تولا يەمە!

تامدىن كىرەم تىللەمە! گەدايدىن دىرەم تىللەمە!

ئۇشاقلار ئىشى نەمە بولماس؛ پىستا قوبۇزى كەمە بولماس!

ئۆزۈگدۇن كەم كىشىگە بولما ھەمدەم؛
ئىنىڭ مىغدارى ئارتىپ بولغايسەن - كەم!
قىتىلسا مەشىك ئۇچۇن توپراقى يۇگغا،
ئۆزىنى بەربات بەرگي، قىمىتى ھەم

④خۇدا بەردىم — كاتانوف بۇنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىدىن «غوجام. بىتكىم»لەرنىمۇ خاتىرىگە ئالغان.

www.uyghurkitap.com



## تۆمۈرخان، 1892 ـ يىل، 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قومۇل، ئون ئىككى يىلنىڭ مەزمۇنىسنى بايان قىلۇر

ساچقان يىلى، ئەگەر ساچقان يىلى كىرسە، يىل بېشى خوپلۇق گە ئېمىنلىك بولغاي. يىل ئوترىسىدا يىتنە، توقۇنۇش بولغاي، ساچقان تولا بولغاي، ئوغرىدىن خەتەر كۆپ بولغاي، ھەر پەرزەندىكى بۇ يىل ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، تېز پەم بولغاي، خوشمەندە بولغاي، يىل ئاخىرىدا تۇغۇلسا، يالغانچىگە ھەزال بولغاي.

ئۇي يىلى: ئۇي يىلى كىرسە، دالالەت قىلۇركى، رەنجىگە زەخمەتگە جەپا خاق ئىچىدە بىسيار بولغاي، پادىشالار ئارىسىدا پىتنەگە ئەڭگىزلىك تولا بولغاي، ئەتراپ ئالەمدە جەڭ بولغاي، كۆزگى نەمەتلەر بىسيار بولغاي گە بەزى شارلاردا ① خۇنرىزلىق بولغاي، چارپايلارغا ئاپەت يەتكەي، ھەر پەرزەنت، بۇ يىل ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، خوش خۇي گە تارىپ دوست بولغاي، يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلسا، ھاماقەت بولغاي. بارس ② يىلى بارس يىلى كىرسە خاق ئارىسىدا ھەسەتكە كىنەگە ئادا گەت بولغاي. زېمىستان ئۇزاق كەشكەي، چارپايلارغا ئۆلۈم كىرگەي، گە پاتشالار ئارا پىتنە ئوشۇپ بەت گۇمانىق تۇشكەي، گە گەزەندى جانۇر بىسيار بولغاي، گە بەزى دىيارلاردا خۇنرىزلىق بولغاي، زىرائەتكە ئاپەت يەتكەي. ھەر پەرزەنت، بۇ ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، بىنەت ھىممەت بولغاي، ئۇزى كۆرۈكلۈك بولغاي. يىل ئوترىسىدا تۇغۇلسا، كىنەدار بولغاي.

توشقان يىلى: توشقان يىلى كىرسە، نەمەت پەراگان بولغاي زەلزەلە قورقۇنچلۇق كۆپ بولغاي ھەركىم بۇ يىل ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، بىگۇپا، بىئاتىقان، بولغاي گە بىقارار بولغاي، ھېچ كىمگە ئۇلپەت ئالماغاي. ئېنىڭدىن كېشگە مەنپەت تەگمەگەي گە قىسقا ئەندىشىلىك، تولا سۆزلۈك بولغاي.

بېلىق يىلى: بېلىق كىرسە، ھەربىي خۇنرىزلىق بولغاي، ئۇلۇق ھاكىملار ئارىسىدا پىتنە بىسيار بولغاي، زىرائەتكە نۇقسان يەتكەي، قار يامغۇر بىسيار ياققاي، ئەيش ئەشرەت بىسيار خوپ بولغاي، مۆگەلەر خوپ بولغاي، چارپايلار سېمىز بولغاي، بۇ يىلدا كىنە ئاداگەت بىسيار بولغاي، قىرى كىشلەر تولا ئۆلگەن، ھەركىم بۇ يىلنىڭ ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، پاكىزە دىل گە كىنەسىز گە بىئارام بولغاي. يىل ئوترىسىدا تۇغۇلسا، بەت خۇي، بەت باخ گە كۆڭنى قاتتىق بولغاي، يىل ئاخىرىدا تۇغۇلسا، دۆلەتمەندە بولۇر.

ئات يىلى: قاچان كىم ئات يىلى كىرسە. خۇنرىزلىق بولغاي، زېمىستان دىشكار كەشكەي، مۆگەلەرگە ئاپەت يەتكەي، كۆزگى خوپ بولغاي، ھەركىم يىل ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، خوش خۇي، خوش روي بولغاي، بىسيار دۇشمەنلىك بولغاي. ئەگەر ميانە سەلدە تۇغۇلسا، رىزقى كەڭ گە خوش روي، كەم ئازار بولغاي، ئەگەر ئاخىر سەلدا تۇغۇلسا، ئۆمرى كۆتە بولغاي.

ھەمدانە يىلى: مايمۇن يىلى كىرسە خۇشاللىق گە خوپلۇق گە كەڭرۆلۈك گە تىنچلىق كۇشادەلىك بولغاي، چارپايلارغا ئاپەت يەتكەي، ئۇزۇم كەم بولغاي، ئۆزگە مۆگەلەر خوپ بولغاي ئۇلۇقلار ئارىسىدا ھەربىي خۇنرىزلىك بىسپار بولغاي، زۇلمى جاپا تولا بولغاي، خاق ئارىسىدا مەھرى شاققات ③ كەم بولغاي، ئەمما زەرائەت خوپ بولغاي. بويران تولا بولغاي. يامغۇر تولا ياققاي. ھەر كىم بۇ يىل ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، زاھىت گە ئاقىل، دانا بولغاي. ئاخىر سالدا تۇغۇلسا جوداگەر گە بەت كەردەن بولغاي.

مۇرغى يىلى توخۇ يىلى كىرسە ئۇل يىل ئىسسىق، يىغىن كەم بولغاي. نەرخى ئارزان بولغاي، كەڭرۆلۈك بولغاي، مۆگەلەر بىسيار بولغاي، ئۆلۈم كەمرەك بولغاي، زېمىستان ئۇزاق كەشكەي، دەرگىشلەرگە خەير قىلىپ پەرسەلەر، بەرەكەت تاپقايلار. پادىشالار خوپلۇق بولغاي، ھەركىم بۇ يىل ئاگگېلىدا تۇغۇلسا، زىرەك، خوش پەم، ئاقىل، دانا بولغاي، ئەگەر ميانە سەلدا تۇغۇلسا، زاھىت، دەرگىش بولغاي، ئاخىر سەلدا تۇغۇلسا بەت خۇي، بەت

---

① شارلاردا ــــ شەھەرلەردە ــــ ت

② بارس ــــ يولۋاس ــــ ت

③ شاققات ــــ شەپقەت ــــ ت

ئەندىشە بولغاي.

سەك يىلى: ئىتنىڭ يىلى كىرسە، ھاۋا ئىسسىق، يىغىن كەم بولغاي، مۆگەرلەر بىسيار بولغاي، ھەركىم بۇ يىل ئاگگېلدا تۇغۇلسا، يالغانچى بولغاي، دۇز، ھەربىي قىلغۇچى بولغاي، مىئانە سەلدا تۇغۇلسا، بەت مەھرى، كەنەگەش بولغاي. قار، يامغۇر، قىممەتچىلىك قاتلىق بولغاي، زالىملارغا ئاغرىق ئۆلۈم تولا بولغاي، پادىشالار ئارىسىدا ھەربىي ئۇشۇپ خۇنرىزلىق بولغاي.

خوك يىلى : تونگۇز يىلى كىرسە، نەرخى ئارزان، يىغىن بىسيار بولغاي، ئۆلۈقلارغا ئاغرىق بىسيار بولغاي، پادىشاگە ھاكىملار ئارىسىدا پىتنە ئۇشۇپ بولغاي، زىرائەتكە ئاپەت يەتكەي، خاق ئارىسىدا مەھرى مەھەببەت كەم بولغاي. ھەرنە دىيارلاردا يامانلىق بولغاي. ئاخىرى ساداق قىلسا، بەرەكەت تاپقاي. ھەركىم يىل ئاگگېلدا تۇغۇلسا، سادىق، ئاقىل، ساھىبى دۆلەت بولغاي، ئەگەر مىيانە سەلدە تۇغۇلسا بى ئەتىبار، ئاداگەتلىك، زالىم، پىتنە ئەنگىز بولغاي. ئاخىر سەلدا تۇغۇلسا، غاماز، مەككارگە بەت مەھرى، بەت خۇي بولغاي.

## ئابدۇللاھكا، 1892 ـ يىلى، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن، قومۇل

### قۇلاق قىشقارماقنىڭ بايانى

ئەگەر شەنبە كۈنى قۇلاق قىشقىرسا، سۆز ئىشىتكەي. خۇدايى تەئەلا پەرزەنت سالە كەرەمەت قىلغاي.

ئەگەر يەكشەنبە كۈنى قۇلاق قىشقىرسا، پادىشاھلاردىن زىيەر تاپقاي.

دۈشەمبە كۈنى قۇلاق قىشقىرسا بىر يەرگە سەپەر قىلغاي.

سەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىشقىرسا، دەرھال پايدا كۆرگەي.

چارشەنبە كۈنى قۇلاق قىشقىرسا، ياخشىلىق كۆرگەي.

پەيشەنبە كۈنى قۇلاق قىشقىرسا، پادىشاھلاردىن ئەنام كۆرگەي.

ئېزنا كۈنى قۇلاق قىشقىرسا، ئۆيگە مەيمان كەلگەي.

### تىرماق ئالماقنىڭ بايانى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ـــ سەللەللاھو ئەلەيھىگە سەللەم! ھېدىستا ئانداق كەلتۈرۈپتۇكى تۆرت كۈن تىرماق ئالماقنى مېنى قىلىپتۇلار: شەمبە، يەكشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە.

ئەگەر دۈشەنبە تىرماق ئالسا، خۇدايى تەئالا كاتىپلىق نىسىپ قىلغاي، ئەگەر پەيشەنبە ئېزنا كۈنى تىرماق ئالسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

### ساچ تۇشۇرمەكنىڭ بايانى

كىمكى شەمبە تۇشۇرسە ساچىنى،
قوندى ئىززەت قولىغا لاچىنى!
كىشى ساچىنى تۇشۇرسە يەكشەنبە،
سۈنگۈسدۇر ئاياغ ياچىنە!

دۈشەمبە كۈن تۇشۇرسە ساچىنى،
كەيدى بېشىغا تاختى تاجىنى!
سەيشەمبە كۈن تۇشۇرسە ساچىنى
غامغا قالۇر تاپماي ئالاجىنى.

چارشەنبە كۈن تۇشۇرسە ساچىنى،
يەمەغەي دەردى غۇسسا كاجىنى!
پەيشەنبە كۈن سالدۇرساڭ ساچىنى،
كۆرمەگەيسەن قىبرىنىڭ ئاچىنى!

ئېزنا كۈن تۇشۇرسە ساچىنى،
تاپقايسەن بىشەك ئاخىرەت خارابىنى!
تېبى يەتكۈچە نەزمى ئەيلەپتۇ
خاستادىللىك ھەرەكەت ماجىرانى!

ناي خان، لوگۇچېن، 1892ـيىلى، 4ـئاينىڭ 6ـكۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تۇرپان

### سەپەر قىلماقنىڭ بايانى

سەپەرنىڭ ئەدەپلىرى بىسايار تۈرلۈر. سەت ـ نەسەلەرنى بىلمەك كەرەك. يەكشەنبە كۈنى تۇش گاختىدا سەپەر قىلماق كېرەك. دۈشەنبە كۈنى ناماز پەشىندە سەپەر قىلماق كەرەك. سەيشەمبە كۈنى ناماز پەشىن گاختىدا سەپەر قىلماق كەرەك. چارشەنبە كۈنى سەھەر گاختىـ

www.uyghurkitap.com



دا سەپەر قىلماق كېرەك. پەيشەنبە كۈنى سۈبى گاختىدا سەپەر قىلماق كېرەك. ئېزنىنا كۈنى چاش گاختىدا سەپەر قىلماق كېرەك. شەنبە كۈنى ناماز دىگەر گاختىدا سەپەر قىلماق كېرەك.

بارما ماشرىق سىرىغا دۈشەنبە!
يەنە شەنبە ئەيلىيدىم تەمبە.
روزى يەكشەنبە، ئاندىن ئېزنىنا
بارما ماغرىبىغا! كەلتۈرۈر كىنە

يەنە سەيشەنبە، چارشەنبەدۇر
سۇ قۇيىيار ماغاڭغا تەمبەدۇر؛
پەيشەنبە سۇ يوقىرى بارما!
مەنپەت يوقتۇر بېھۇدە هارما!

## تۆمۈرخان، 1892- يىلى، 1- ئاينىڭ 23- كۈنى، قۇمۇل

### كۈن تۇتۇلغاننىڭ بايانى

1. ئەگەر ئۇشۇر ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، كەگرۈلۈك بولغاي، ئاشلىق تولا بولغاي، قار يامغۇر تولا ياققاي، خاق بىغەم بولغاي.

2. سەپەر ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، خاق ئارىسىدا ئۆلۈم تولا بولغاي، پادىشالار ئاغرىغاي، ساداقا بەرگەي، كۆز ئاغرىغى تولا بولغاي، داراخلار مۆگىسى تولا بولغاي.

3. رىبىئۇل ئەگگەل ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، چارپاي، مال تولا بولغاي، خۇنزىرلىق، جەڭ، جىدەل، مەركى مەپاجا تولا بولغاي.

4. رىبىيئۇل ئاخىردا كۈن تۇتۇلسا، شۇ پادىشالارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ نىشانىسىدۇر؛ دەرگىشلەرنىڭ هالى خوپ كەشكەي، مەلەخ بىسسىيار بولغاي، سوداگەر خاققا خوپ بولغاي.

5. جەمادۇل ئەگگەل ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، ئۇل يىل چارپايغا ئۆلۈم كىرگەي، ماغرىپ تەرىپىدىكى خاققا مەركى مەباجە تولا بولغاي، سىپا خاققا ئۆلۈم تولا بولغاي.

6. جەمادۇل ئاخىر ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، ماغرىپ خاقنىڭ ئەهالى ياخشى بولغاي، لېكىن مەشرىق تەرىپىدىكىلەرگە قاتلىق، ئۆلۈم هەم بولغاي.

7. ئەگەر دۇئا ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، خاق ئارىسىدا خوشاللىق بولغاي، لېكىن ئۇل يىل قوزغاقچىلىق بولغاي، جەڭ ماغلۇپ تولا بولغاي.

8. بارات ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، ئۇل يىل قار يامغۇر تولا ياققاي، قىش قاتتىق، سوق، تەئامغا تەڭلىك بولغاي، ئەرەب خەلقى مىنەن رۇم خەلقى خۇسۇمەتلىك بولغاي.

9. ئەگەر رامازان ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، غازىلارغا، باتۇرلارغا خۇداي تەئالا هۇندۇستان پاتشاسىنىڭ نۇسرىتىنى بەرگەي.

10. هەيت ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، ياخشىلىق بولماغاي، هەرجاز بەندە بولغاي، ئىراق رۇمدا دۈشمەن پەيدا بولغاي.

11. ئەگەر ئارا ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، زىرائەتكە چۈرتكە تۈشكەي، يامغۇر بىگاخ چاغدا تولا ياققاي، ئەل ئارىسىدا ئەداگەت تولا بولغاي، سەخاگەت بىرلەن بولماق كېرەك.

12. ئەگەر قۇربان ئايىدا كۈن تۇتۇلسا، ئارا ئاينىڭ هۆكمى مىنەن بەرابەردۇر. گاللا ئەلەم!

### ئاي تۇتۇلغاننىڭ بايانى

1. ئۇشۇر ئايىدا ئاي تۇتۇلسا، پادىشالار ئۆلەر؛ خاق ئارىسىدا بەت كارلىق تولا ئۆتسە، ئاي تۇتۇلار.

2. مۇندۇن ئىبرەت ئېلىپ تۆبە ئىستىقبار قىلماق كېرەك.

3. ئەگەر سەپەر ئايىدا ئاي تۇتۇلسا، بىشاڭ يامغۇر تولا ياققاي، خاق ئارىسىدا جۇرۇستەم بولغاي، خاق بىر بىرىنى ئۆلتۈرگەي.

5. ئەگەر رىبىيئۇل ئاخىردا ئاي تۇتۇلسا، يامغۇر تولا ياققاي، نەمەت كەگرۈ بولغاي، زىرائەت خوپ بولغاي، نەرخى ئەرزان بولغاي.

4. ئەگەر رىبىيئۇل ئەگگەل ئايىدا ئاي تۇتۇلسا، زىرائەت كەم بولۇر، قاتلىق بولغاي.

6. ئەگەر جەمادۇل ئەگگەل ئايىدا ئاي تۇتۇلسا، پاسق خاققا ئۆلۈم بولغاي، ئەمما پات ئاسان بولغاي.

7. ئەگەر جەمادۇل ئاخىر ئايىدا ئاي تۇتۇلسا پادىشالار ئارىسىدا خوپلۇق بولغاي، ئۇل يىل كەگرۈلۈلۈك خوشال بولغاي.

8. ئەگەر دۇئا ئايىدا ئاي تۇتۇلسا، خاق ئارىسىدا نالەگە زارە تولا بولغاي، نازگە نەمەتتىن بىغەم بولغاي.

9. ئەگەر بارات ئايىدا ئاي تۇتۇلسا، ئاداگەت تولا

بولغاي، ئۇلۇق خاقا ئۆلۈم تولا بولغاي، پېقىرخاق ئاگا-
لى خوپ كەشكەي.

10. ئەگەر رەمەزان ئايدا ئاي تۇتۇلسا، ئالىم، بۇ-
زۇرۇكلەر ئاگالى خوپ؛ ئۆگە خاققا خوپ ئەمەس.

11. ئەگەر ھەيت ئايدا ئاي تۇتۇلسا، ئۇلەمالار
پۈزۈلا خوپ بولغاي، گە بەزى يەردە پىتنە پاسات تولا
بولغاي.

12. ئەگەر ئارا ئايدا ئاي تۇتۇلسا، ئۇل يىل پادى-
شالارغا خوپ ئەمەس.

13. ئەگەر قۇربان ئايدا ئاي تۇتۇلسا، ئۇل يىل
كەمگرۈلۈك بولغاي.

يەر تەبرەگەننىڭ باياني

ئابدۇللا ئاكا، 1892 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى،
قومول

1. يەرنىڭ ئاستىندا بىر كالا بار ئىمىش. 2. دۇنيادا
ياخشى يامان ئىشلەر تولا بولۇپ ئۇ كالا بۇ زېمىننى سىگار
مۈگۈزدە كۆتۈرۈپ تۇرار ئەكەن. 3. دۇنيا گۇنايى تولا
بولۇپ ئۇ كالا سىگار مۈگۈزى بىرلەن كۆتەرالماي ئۇ مۈ-
گۈزدۈن بۇ مۈگۈزگە يۆرتكەگۆچە يەر تەبرەر ئەكەن.

يەر تەبرەگەننىڭ باياني

1. ئەگەر ئۇشۇر ئايدا يەر تەبرەسە، ئۇلۇقلار
ئۆلگەي، سوداگەرلەرگە، لەشكەر بارغان كىشلەرگە خوپ
ئەمەس؛ ئەگەر كەچە تەبرەسە، ئۇلۇق ئاغرىق تولا
بولغاي.

2. ئەگەر سەپەر ئايدا يەر تەبرەسە، دەھقان خاققا
ئۆلۈم بولغاي؛ كەچە تەبرەسە، يەردىن ئۈنەدۇرغان نە-
مەرسەلەرگە نۇقسان بولۇر.

3. ئەگەر رىبىييۇل ئەگگەل ئايدا يەر تەبرەسە،
كىچىك ئاياللارغا سەچەك چىققاي؛ ئەگەر كەچىسى تەبرە-
سە، ئۇلەما خاق، پادىشالارغا تولا ئۆلۈم تولا بولغاي.

4. ئەگەر رىبىييۇل ئاخىر ئايدا يەر تەبرەسە بىر تا-
يىپە خاق ئوتقا كۆيۈپ ئۆلگەي؛ ئەگەر كەچە تەبرەسە،
ئاغرىق تولا بولغاي، ئۇل يىلى ئاشلىق بولغاي، دىلىلكى
تەئام پات كەمگرۇ بولغاي.

5. ئەكەر جەمادۇل ئەگگەل ئايدا يەر تەبرەسە، پېقىر-
لارغا خوپ بولغاي؛ كەچىسى تەبرەسە، ئاغرىق تولا بولغاي.

6. ئەگەر جەمادۇل ئاخىر ئايدا يەر تەبرەسە، ئۇل
يىل كەمگرۈلۈك بولغاي، لەيكىن ئاغرىق تولا بولغاي، كە-
چىسى تەبرەسە، يامغۇر تولا ياققاي.

7. ئەگەر دۇئا ئايدا يەر تەبرەسە، ئۇل يىل زىرا-
ئەت خوپ بولغاي، لەيكىن گەبا بولغاي؛ ئەگەر كەچىسى
تەبرەسە، ھەر كىشى ساداقا بەرمەك كەرەك.

8. ئەگەر بارات ئايدا يەر تەبرەسە، نەرخى ئارزان
بولغاي؛ ئەگەر كەچىسى تەبرەسە، ئاغرىق تولا بولغاي،
خاق ئارىسىدا ئاداگەت تولا بولغاي، لەيكىن دەرگىشى
خاققا خوپ بولغاي.

9. ئەگەر رامەزان ئايدا يەر تەبرەسە، ئاشلىق
بولغاي؛ ئەگەر كەچىسى تەبرەسە، ئۇل يىل كەمگرۈلۈك
بولغاي، ئاغرىق ھەم بولغاي.

10. ئەگەر ھەيت ئايدا يەر تەبرەسە، ئۇلۇقلارغا
ئۆلۈم بولغاي، جەڭ جىدەل بولغاي، ئەگەر كەچىسى تەب-
رەسە ئەل ئارىسىدا قاتلىق بولۇر. زىرائەتچىلىككە
كۆيگەي، ئەمما لەشكەر ئارىسىدا تەئام كەمگرۈ بولغاي.

11. ئەگەر ئارا ئايدا يەر تەبرەسە، خاق ئارىسىدا
پىتنە، ئاداگەت تولا بولغاي؛ ئەگەر كەچىسى تەبرەسە،
كۆندۈزنۈڭ ھۆكمىدە، لەيكىن كەمگرۈلۈك بولۇر.

12. ئەگەر قۇربان ئايدا يەر تەبرەسە، ئۇل يىل
ئۆلۈم تولا بولغاي؛ ئەگەر كەچىسى تەبرەسە، خاق ساق
سالامەت، زىرائەت خوپ بولغاي.

يەر تەبرەگەن كۈننىڭ باياني

1. ئەگەر ئىبزىنا كۈنى يەر تەبرەسە، پادىشالارغا،
ئۇشاقلارغا ئاغرىق بولغاي.

2. ئەگەر شەمبە كۈنى يەر تەبرەسە، تۈرۈك گە
جوھوت خاققا نۇقسان بولغاي.

3. ئەگەر يەكشەمبە كۈنى يەر تەبرەسە، تائام
كەمگرۈ، لەيكىن ئاغرىق تولا بولغاي.

4. دۇشەنبە كۈنى يەر تەبرەسە، ئۇشۇق ئاغرىق
تولا بولغاي، مەركى مەپەجا بولغاي.

5. سەيشەمبە كۈنى يەر تەبرەسە، يامغۇر تولا
ياققاي.

6. چارشەمبە كۈنى يەر تەبرەسە، بىگاخ چاغدا
بويران تولا بولغاي.

7. پەيشەمبە كۈنى يەر تەبرەسە، ئۇلاق خاققا ئۆلۈم
بولغاي.

تەييارلىغۇچى: م. مۇھەممەد

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «مىراس» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

«مىراس» ژۇرنىلى «مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال»، «مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سىپىدىكى قوش ئۈنۈم ياراتقان ژۇرنال»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال»، «شىنجاڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدىكى «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى» سەھىپىسىدە ھەرخىل تېمىدىكى نادىر ئىلمىي ماقالىلەر، «ئادەت قېرىماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ - ئادەتلىرى، «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» سەھىپىسىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان ھېكايەتلەر، «يىلتىزسىز دەرەخ بولماس» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەسەپ يىلتىزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، «كۈلكە — جان ئوزۇقى» سەھىپىسىدە قىزىقارلىق لەتىپە - يۇمۇرلار، «ئايدىڭ كېچىلەر» سەھىپىسىدە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پاك ئىنسانىي سۆيگۈ مۇھەببىتى كۈيلەنگەن سۆيگۈنامىلەر، «ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ» سەھىپىسىدە خەلقىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى ۋە سالامەتلىك ھەققىدىكى ھېكمەتلەر، «مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئائىلەڭدىن باشلا» سەھىپىسىدە پەرزەنتلەرنى دانا ۋە ئەخلاقىي رەنالاردىن قىلىپ تەربىيەلەش توغرىسىدىكى ئۆگۈت - بىلىملەر، «چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار» سەھىپىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى، «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قىسقىسى، «مىراس» ژۇرنىلى ئاۋامغا جاھاننامە، ئالىملارغا بايلىق، ئاشىقلارغا ۋىسال، ئاتا - ئانىلارغا مەسلىھەت، پەرزەنتلەرگە ئىنساپ، قىزلارغا شەرم - ھايا، يىگىتلەرگە غۇرۇر، بالىلارغا ئەقىل - پاراسەت، ئاغرىقلارغا شىپا، ئاجىزلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ!

بىز سىزلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەررۈك مىراسلىرىمىزنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش يولىدا ئىشلەۋاتقان جاپالىق خىزمىتىمىزگە يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە

كەلگەن نومۇرى: CN65 — 1130\1
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
تېلېفون نومۇرى: 0991 ـ 4554017
E-mail:miras uyghur @126.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 36.00 يۈەن، يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# سىرلىق كىروران، گۈزەل چاقىلىق















# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716
号文联大楼 14 层)电话:(0991)4554017
传真:(0991)4559756
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一连续出版物号:CN65—1130/I
国际标准连续出版物号:ISSN1004—3829
代号:58-60 广告许可证号:6500006000040
-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号:1130BM
国外发行:中国图书进出口总公司
印刷:新疆日报社印务中心
邮编:830001 定价:6.00 元
HINA NATIONAL PUBLICATIONS
PORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
-Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر،
14 - قەۋەت Tel: 0991- 4554017 Fax:0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E- mail: mirasuyghur@ 126. com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040